شىنجاڭ بويىچە 3 - نۆۋەت باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# يېڭى قاشتېشى

# 新玉文艺

# NEW JADE LITERATURE




2004.4


- يېڭى يۇمۇر
- تور
- كۆڭۈل مونولوگى
- سوقراتنىڭ ۋەسىيىتى
- قەدىمقى نىيىنىڭ سىرىنى ئىزدەش


ISSN 1002-9206

08

9 771002 920009



«قەھرىمان قاتىل»، «نەدىسەن بالىلىق يىللار»، «پۈتۈكسىز ئارخىپ»، «قارا چې-
قىن»، «قاخشال توغراق»، «كۈمۈش قوڭغۇراق»(بىرلەشمە)، «ساقال ھەققىدە پاراڭ»(-
بىرلەشمە) قاتارلىق پوۋېست، ھېكايىلەر، كىلاسسىك قىسسەلەرنىڭ ئاپتورى، ھوسۇللۇق يازغۇ-
چى ئابدۇقادىر سادىر ئەپەندى.

www.uyghurkitap.com



# يېڭى قاشتېشى

2004 ـ يىللىق 4 ـ سان
قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال
(26 ـ يىل نەشرى، ئومۇمىي 138 ـ سان)

## ھېكايىلەر

يېڭى يۇمۇر .................................... مۇتەللىپ سەيپۇللا (3)
ئاخشاملىقنىڭ چالمىسى يامان ...................... مەتتۇرسۇن سۇلايمان (11)
تور ............................................ ئابدۇقادىر سادىر (24)

## نەسرلەر

تەمبۇر ئۈنلىسە ................................. ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار (36)
مۇھەببەت مونولوگى .............................. مۇتەللىپ ئىقبال (36)

## نەزمىي ئەسەرلەر

كۆكۈل مونولوگى ................................ ئابدۇللا سۇلايمان (39)
ئىككى شېئىر .................................. غوجمۇھەممەت مۇھەممەت (41)
ئىككى شېئىر .................................. ئابلەت ئەخمەت (42)
قېچىپ چىققىن .................................. مەتتۇرسۇن يۇسۇپ نىھال (42)
تۆيۈقلار ........................................جاپپار رەھىم روھلان (43)
سەن زېمىندىكى «ئوتتۇز ياشلىق» ئەر ................ نامانجان تۇرسۇن (44)
ھەقىقەت ....................................... يۇسۇپ ئېلى قۇربانى (44)
دوستلۇقنامە ......................................ئەھەدى (56)
ھەر كۈنى .......................................ئەرشىدىن راشىدىن (56)
ئىككى ساتىرا ..................................... رېھىم نىياز (57)
قاپلان قەسىدىسى ............................... ئىدرىس مەتسېيىت قەدىناس (58)

## ئەركىن پاراڭلار

سوقراتنىڭ ۋەسىيىتى ............................ ئادىل ئابدۇقادىر (45)

باش مۇھەررىر:
مىجىت باقى
(خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
(تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەررىر:

ھىجرانلىقتىكى تەن ۋە روھ قىسسىسى...................... ئابدۇقادىر قارلۇق (50)
ھايات ھەقىقەتلىرى ........................................ ئايىمنىسا سۇلايمان (78)
بازار ئىگىلىكى ۋە دېھقان يازغۇچىلار .................. ئابدۇرەھىم ھەكىمى (72)


## فېلىيەتونلار


«غەربىي دىيار تانىسخانىسى» دىكى سۆھبەت ......... ئەخمەتجان ئابدۇللا (59)


## تەرجىمە كۆزنىكى


ئىككى فېلىيەتون .............................. داۋۇت ئادىل (تەرجىمىسى) (90)
شۋېتسارىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى قانداق قىلىپ خەلقچىل بولالىدى..........
...............................ئابلىكىم ئوسمان(تەرجىمىسى) (93)


## يۇرت تەزكىرىسى


قەدىمقى نىيىنىڭ سىرىنى ئىزدەش ..... جۇمە تۇرسۇن، مەتكېرىم ئىسمائىل (63)
شېرىن دورغا ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى نەسەبى ھەققىدە ئىزدىنىش ..............
........................................... ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن (76)


## بىزنىڭ كارخانىچىلىرىمىز


يۇرۇڭقاش بويىدىكى تۇلپار مارشى ............... مەتتوختى رەجەپ (تارام) (82)


## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن


يۇرتنى سېغىنىش لىرىكىسى .......................... غەيرەتجان ئوسمان (96)



مۇقاۋا بىرىنچى بەتتە: قاراڭلار، ئۇ نېمە          غەيرەت ئەيسا فوتۇسى
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: قاينام قاپپار



تەھرىر ھەيئەتلەر:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇللا سۇلايمان
ئابدۇلئەھەد قادىرى
ئالتۇنگۈل رەجەپ
ئەنۋەر ھوشۇر
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
سىدىق قاۋۇز
مىجىت باقى
مۇھەممەت چاۋار
مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مەتنىياز روزى
مەتسېلىم مەتقاسىم
نۇرمۇھەممەت توختى
ئۆمەر رەجەپ

مەسئۇل كوررېكتورى:

ئابدۇرېھىم زۇنۇن
(تەكلىپ قىلىنغان)

مەتسلىم مەتقاسىم



# يېڭى يۇمۇر

(ھېكايە)

مۇتەللىپ سەيپۇللا

يېزا بازىرىغا يېڭىدىن كەلگەن سوجاڭ
بىردەمدىلا ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولۇپ
كەتتى. بۇ دېگەن كىچىككىنە يېزا، ھەر
كىمنىڭ بازاردا قىلىپ تۇرىدىغان سودا ـ
سېتىق ئىش ـ كۆشى چىقىپ تۇرىدۇ. ھويـ
لا ـ ئاراملىرىڭىزغا تېرىغان ئۇتياش، سەمە
رىپ تەييار بولغان مۇزاي ـ پاقلانلىرىڭىزنى
ئاقچىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ؛ توخۇ، كەپتەر،
سامان، توقۇناق ئۈچۈنمۇ بازارغا قاترايسىز.
ھەممىگە كىنىشكا بېجىرىپ بولالمايسىز.
سىزنىڭ تورۇز ـ تارازىڭىز ھېساب ئەمەس.
بازار باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ھەم ئادىل، ھەم
ئىشەنچلىك. يەر ئورنى ئىگىلەش، تۇر
لۇك ـ تۇمەن كىنىشكا، رەسمىيەت، ئىسـ
پات ـ تامغۇلارنىڭ ھەممىسىدە، بۇ بازارنى
كونترول قىلىپ تۇرغان مۇشۇ پونكىتنى
ئىزدىمەي ئامالىڭىز يوق. سىزنىڭ چىقمىسا،
يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئىشى چىقماي
قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىش چىقتى دېگەن
گەپ بازار باشقۇرۇش پونكىتىغا بارىدىڭىز دې
گەن گەپ. سىز بارمىسىڭىز ئۇلار چاقىرىلـ
مىغان مېھمان بولۇپ كېلىۋېرىدۇ.

سىز تىجارەت قىلىپ باقمىغاندىكىن
بىلمەيسىز. بۇ پونكىتتا سوجاڭنىڭ دېگىنى
ھېساب. ئۇ ئېغىز يىرماي كىممۇ ھۆتۆت ـ
پۆتۆت دېيەلەيتتى.

يېڭى كەلگىنى دەل شۇندىقىدىن ئىدى.
ئۇ بىرەرى بىلەن بەك قويۇق ئارىلاشمايتتى.
دائىم قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرەتتى. ئىش قىلـ
دۇرۇپ كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىچە، يېڭى
سوجاڭنىڭ قاپىقى يامان بولغىنى بىلەن يۇ
مۇرغا ئامراق ئىمىش. بىرەر يەردە تاماق يەپ
قالغۇدەك بولسا يا يۇمۇر سۆزلىتىدىكەن، يا
ئۆزى يۇمۇر ئېيتىپ سىزنى «كۈلدۈرىدى
كەن». ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ دېگەن يۇمۇرلا
رنى ھېچيەردە دېگىلى بولماسمىش. چۈنكى
سوجاڭنىڭ يۇمۇر ھەققىدە بىر پرىنسىپى
بولۇپ، كىندىكىنىڭ ئاستى بىلەن يۈتىنىڭ
ئۈستىدە بولمىغان يۇمۇر ئۆلچەملىك يۇمۇر
ھېسابلانمايدىكەن.

يەنە شۇ «ئىش قىلدۇرالايدىغان» لارنىڭ
ئاشكارىلاپ قويىشىچە، سوجاڭنىڭ ئىككى
ئۆزگىچىلىكى بار ئىكەن. بىرى، ئۆزى يۇ
مۇر دېگەندە دورداي كالپۇكىنى سەل ـ پەل
يىمىرىپ چوڭ، داترەڭ چىشلىرىنى كۆر
سىتىپ قويغان بىلەن، باشقىلار يۇمۇر
ئېيتقىنىدا قانچىلىك قىززىق ۋە «ئۆلچەم
لىك» بولىشىدىن قەتئىينەزەر، زادىلا كۈلـ
مەيدىكەن. يەنە بىرى، ھەر قانداق بىر ئىشقا
ئىپادە بىلدۈرۈش، ئىمزا ـ تامغا قويۇشتىن



مۇرەتلىك يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەر، ژۇرنىلىمىز ئەسەرلىرىڭىزگە ھەر ۋاقىت تەشنا.

بۇرۇن چوقۇم تاماق يەيدىكەن.

بىرسىنىڭ دېيىشىچە، سوجاڭ بورنا كۈن بىر جەدۋەلگە تامغا قويماقچى بولۇپ، تامغىنى راسا چەنلەپ كۆتۈرۈپتۇ ـ يۇ، تۇيۇقسىز تاماق يېمىگىنى ئېسىگە كېلىپ، تامغا ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ، تارتمىسىغا تورۇكلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. تاماق يەپ، يۇمۇر ئاڭلاپ كەلگەندىن كېيىن بولسا، گۆممىدە بېسىلىپتۇ.

—شۈكرى، يەيدىكەن، يەيدىغىنى خەتەرلىك ئەمەس، يېمىسە ئىش چاتاق ئىدى، يېگەندىكىن ئىش پۈتتى، دېگەن گەپ.

يېزىدىكىلەر شۇنداق دېيىشتى. لېكىن چاتاق يېرى هاجەتمەنلەرنىڭ ھەر قانداقى سوجاڭغا بىرەر ۋاخ تاماق يېگۈزەلىگىنى بىلەن، ھەممىسىنىڭلا يۇمۇر سۆزلىيەلىشى ناتايىن. بولۇپمۇ «ئۆلچەملىك» يۇمۇرلارنى.

شۇنداق قىلىپ، يېڭى سوجاڭ يېزا بازىرىدىكى ئىككى جاينى ئاۋات قىلىۋەتتى. بىرى، دوقمۇشتىكى سېمىز خوتۇننىڭ ئىس پۇرقۇپ تۇرىدىغان ئاشخانىسى. يەنە بىرى، مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن كىتاب ئارىيەت بېرىش ئۆيى. لېكىن بۇ يەردىن « ئۆلچەملىك » يۇمۇر تېپىلمايدىكەن.

ئەمدى يېزىدا يۇمۇر ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالدى. ئانچە ـ مۇنچە يۇمۇر بىلىدىغانلارنىڭ بازىرى چىقتى. بەك بولمىغىنىدا يىراقتىكى تونۇش ـ بىلىشلەرگە خەت يېزىپ تېلېفون بېرىپ يۇمۇر ئەكەلدۈرۈشەتتى.

مانا بۈگۈنمۇ بازار باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئالدى قىزىپ كەتتى. يىغىلغانلار يانچۇقىنى ئانچە ـ مۇنچە تومپايتىپ، ئۆگىنىپ كەلگەن يۇمۇرلىرىنى يول بويى يادلىشىپ كېلىشكەندى. لېكىن سوجاڭ مۇشۇ ۋاقىتچە ئىشخانىسىدا يوق.

—بىر يەردە كاۋاپ يەپ ئولتۇرغاندۇ، —دېدى كوسا كىشى

—ياقەي، سوجاڭ لەغمەنگە ئامراق، لەغمەن يەيدۇ ئۇ، —دېدى شاپبۇرۇت.

—كاۋاپمۇ يېدى، ئۇنىڭغىمۇ تازا ئامراق ئىكەن.

گەپ شۇنداق باشلاندى. ئاخىرى ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سوجاڭ بىلەن پۈتتۈرىدىغان نېمە هاجىتى بارلىقىنى بىر ـ بىرىدىن قىزىق دېيىشتى، لېكىن بىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قانداق يۇمۇر ئېلىپ كەلگىنىنى دەپ بېرىشمىدى.

ساقلاۋېرىپ ھېرىپ كەتكەن هاجەتمەنلەر غۇدىراشقا باشلىدى.

—مائاش ئالغاندىكىن ئىشخانىدا ئولتۇرسا، —دىدى كوسا كىشى.

—سوجاڭنىڭ مائاشىنى خوتۇنىغا سىنتلاپ ئۆتكۈزىۋالىدۇ، —بۇ يەردە بىزنىڭكىنى يېمىسە، ئۆيىگە ھېسابنى قانداق بېرىدۇ؟ —دېدى شاپبۇرۇت.

بۇرۇتلۇقنىڭ سۆزى ھەممەيلەنى ئېسىگە كەلتۈردى.

—هوي راست، ئاشخانىدىمۇ يا؟

—بايا ئەجەب ئۇچرىمىدىيا ئەمىسە.

—ئۇ ئاشخانىنىڭ كەينىدىمۇ ئىشىكى باريا.

—ئايرىم خانىسىمۇ بار تېخى.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممەيلەن دىڭگىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

—ھەممىمىز تەڭلا بارمايلى، —دېدى كېيىنرەك توپقا قېتىلغان تاز چىراي بىرى- ئۇنداق قىلساق ئىش بۇزۇلار ھېلى.

ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزى ئاشخانا تەرەپكە يول ئالدى. قال-

غانلار بىردىن، ئىككىدىن بولۇشۇپ ئارىلىق قالدۇرۇپ ئىز باستى.

سېمىز خوتۇننىڭ ئاشخانىسى بازارنىڭ ئۇ بېشىدا ئىدى. بازارنى بويلاپ ئاقىدىغان ئېرىق دەل مۇشۇ ئاشخانىنىڭ بوسۇغىسىدىلا تارام بولۇپ، تەتۈر سۆگەتلەر ئارىسىدا غايىپ بولاتتى. تاز چىراي ئاشخانىغا كىرگەندە، سوجاڭ ئاشخانىنىڭ ئەشۇ ئېرىق ئۈستىگە كۆتۈرمە قىلىپ راسلانغان سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ يۇمۇر دەۋاتاتتى. ئاڭلىغۇچى-ھاجەتمەنلەر راست-يالغىنىنى ئايرىپ بولالمىغۇدەك ھالدا تېلىقىپ كۈلۈشكىنىچە سۇپا ئۈستىدە دومىلاۋاتاتتى.

تاز چىراي بوسۇغىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئوڭايسىزلاندىمۇ ياكى «مەندىن بۇرۇن يېگۈزۈپ بوپتۇ» دەپ كۆڭلىگە كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ بىرخىل ئەپسىز ھالدا بىر قولىدا گەدىنىنى، بىر قولىدا چاترىقىنى تاتىلاپ قويدى.

— ئىككى باش تەڭ قىچىشىپتۇ-دە.

سوجاڭنىڭ ھومايغاندەك ھالدا قىلغان بۇ چاقچىقى ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشقان ئىككىسىنى يەنە دومىلىتىۋەتتى.

— قىچىشتىلا ئەمەس، ئىككى باش تەڭ قاتتى سوجاڭ.

— قاتقان بېشىڭنىڭ بىرىنى مەن ئوڭشايمەن پاخشەك، يەنە بىرىنى — سوجاڭ ئەمدىلا كىرىپ شىرەنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇنغان ئاشپەز ئايالنى كۆرسەتتى — ماۋۇ بىخ-بىخقا دە.

سېمىز خوتۇنمۇ بوش كەلمىدى:

— تاز دېگەننىڭ بېشى دائىم قاتىدۇ سوجاڭ.

— سىلىمۇ بىلەمسىلە بودەك؟

— بىلىتۇ سوجاڭ، — تاز چىراي ئاستا كېلىپ، سۇپا لېۋىگە ئولتۇردى.

— ئىشلىرىنى قىلسىلا، — سېمىز چوكان بوشىغان تەخسە، كاۋاپ زىخلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ لىغىلداپ تۇرغان كاسىسى بوسۇغىدىن ئۆتىشىگىلا، سوجاڭ ئورنىدىن تۇردى.

— ھە، پاخشەك، ھېلىقى ئىشما؟

— خوش، سوجاڭ.

— ئىشخانىغا بېرىپ ھە.

— بىرەر قاچىدىن لەغمەن يەۋېلىپ بارايلىمىكى يا.

— ھازىر يېدۇقىيا.

— ياخشى تاماق قورساقنى ئەسمەپتۇ سوجاڭ.

— ھە، بوپتۇ. سوجاڭ يەنە جايىغا كېلىپ ئولتۇرغاچ، ئىككى ھاجەتمەنگە دېدى — سىلە باغاچ تۇرۇڭلا، مەن بىر ئىككى يۇمۇر ئاڭلىۋېلىپ باراي-ھە. ئىشىڭلاردىن خاتىرجەم بولۇڭلار، بېرىپلا پۈتتۈرىۋېتىمەن

ئۇلار «رەھمەت، ھەشقاللا» دېيىشكىنىچە چىقىپ كېتىشتى. تاز چىراي شاپاشلاپ يۈرۈپ تاماق بۇيرۇتتى:

— ئىككى قاچا لەغمەن، بىرسى گۆيرو يەنە بىرسى سۇ سەي بولسۇن.

سېمىز خوتۇن پەرۋاسىز سورىدى:

— يەنىچۇ؟

— 20 زىخ كاۋاپ. كاۋاپ ماۋۇ پەللەكتەك سېمىز گوشتا بولسا بومايتۇ، ماقما.

تاز چىراي چوكاننىڭ پەللىكىنى ئوبدانلا چىمدىپ قويدى.

— تارتسىلا قوللىرىنى، چىۋىن يىغماي!

تاز چىراي ھاۋالىق سۇپىغا قايتىپ كىرگىنىدە، سوجاڭ بىر قولىدا بېشىنى



شائىر ئابدۇرېھىم زۇنۇن ئەپەندى، ژۇرنىلىمىزنى قوللىغانلىقىڭىزغا مەشقەللا!

uyghurkitap.com



تىرىگەن ھالدا يانپاشلاپ ياتقانىدى. ئەسلىدىلا تار كېلىپ قالغان فورمىسىنى ئۇستىگە تارتىپ قويۇپ، ئىككى ـ ئۈچ بەلدەم بولۇپ ساڭگىلاپ تۇرغان قورسىقىنى يەنە بىر قولىدا سىلاۋاتاتتى.

—قانداق پاخشەك، يۇمۇر ـ پۇمۇر بارمۇ يا؟

—بار سوجاڭ، بار.

—ئېيتايلى ئەمسە، تاماق تەييار بولغۇچە بىر ـ ئىككىنى.

—خوش، —تاز چىراي سوپا لېۋىگە كېلىپ، پۇتلىرىنى پەگاغا تاشلاپ ئولتۇردى ۋە «ئۆلچەملىك يۇمۇر» باشلىدى.

—بىرسى چۈشىدە ئۇرۇمچىگە بېرىپتۇ قالىسىلا.

—ھە، قالدىم.

—ئۇ دائىم ئايالى بىلەن ئاندىن تۇغما ياتىدىكەن. ئايالىنىمۇ ھەر كۈن يالىڭاچ ياتقۇزىدىكەن قالىسىلا.

—قالمىسامۇ دېگىنە تاز.

—ئوبدان، ئۇ بۇ كۈنىمۇ شۇنداق ياتقان ئىكەن. چۈشىدە چوڭ بىر باغچىدا يۈرگۈدەكمىش، ئۇلار تازا قىزىق ئايلىنىۋاتقاندا ئەرنىڭ تۇيۇقسىز چوڭ تەرىتى قىستاپ كېتىپتۇ، لېكىن خالا تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قالىسىلا، يوغان بىر توپ دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. تازا راھەتلىنىپ بولۇپ، ئېيتىۋاتاي دېسە، يا قەغەز، يا چالما تاپالماپتۇ قالىسىلا.

—ھە.

—شۇنىڭ بىلەن يېنىدىن تازا ئۆسكەن قىياق چىمدىن يۇلۇپ سۈرتۈۋەتمەكچى بولۇپ، بىر سىقىم قىياقنى يۇلاي دەپ بىر تارتقان ئىكەن، يېنىدا ياتقان ئايالى «ۋايجان» دەپ توۋلىغىنىچە ئويغىنىپ كېتىپتۇ قالىسىلا.

—ئاي نىم بوپتۇ.

—ئايالى ئويغىنىپ كېتىپتۇ شۇ. ئۇزىمۇ ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

—ھە، ھە، بىلدىم.

تاز چىراي ئۆز يۇمىرىدىن زوقلىنىپ كۈلدى. لېكىن سوجاڭ كۈلەيمۇ دېمەيتتى. پەقەت قورسىقىنى سىلاۋاتقان قولىدا بوقىنىڭكىدەك سىمىز يوتىسىغا پاقىلدىتىپ بىر ـ ئىككىنى ئۇرۇپ قويدى.

تاماق كەلدى. سوجاڭ چوكىنى ئالدىرىماي يەردى، ئاندىن دېھقان ئارى بىلەن خامان ئۆرىگەندەك ئاشنى تازا ئىلەشتۇردى. بىر ـ ئىككى تال قىزىل مۇچنى ئىلغىۋېتىپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇ بىر چوكا ئاشنى ئېغىزىغا سالا ـ سالمايلا كاۋاپتىن سىراتتى ـ دە، كاۋاپ بىلەن ئاشنى ئېغىزىدا ئانچە ـ مۇنچىلا ئىلەشتۈرۈپ يۇتۇۋېتەتتى. ئۇ ئاشتىن ھەربىر چوكا شورىغاندا خېلى كۆچلۈك شالاپشىغان ئاۋاز چىقىپ، تەخسىدىكى ئاشنىڭ يېرىمى ئازلىغاندەك بىلىنەتتى. كاۋاپنىمۇ بىر تال ـ بىر تالدىن ئەمەس، بىر زىخنى ئىككى قېتىمدىلا سىدىرىپ توگىتەتتى. ئۇ تاماق يەۋېتىپ گەپمۇ قىلمىدى. تاز چىرايىنىڭ ئۇنى تاماققا زورلاش ھەيدىشىنىڭمۇ ھاجىتى بولمىدى. سېمىز خوتۇن سوجاڭنىڭ خوي ـ پەيلىنى بىلسە كېرەك، تاماق يېيىلىپ بولاي دېگەندە، بىر قاچا ئاش سۇيىنى كۆتۈرۈپ كىردى. سوجاڭ ئېغىزىدىكى چالا چاينالغان ئاخىرقى لوقمىنى كۆكۈش ئاش سۇيى بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتتى ـ دە، ئوبدانلا بىرنى كېكىرىۋېتىپ قاچىنى قويدى. شۇ چاغدىلا يېنىدا بىرسىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرگەندەك تاز چىرايغا قارىغاچ دېدى:

ئىت بىلەن دوست بولساڭ، قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن.

—كاۋاپنىڭ ھەممىسىنى مەن يېدىمما ئاخۇنەك؟

—خوش، سوجاڭ.

—سىلىمۇ يېمەپسىلىيا، بوش تاغار ئۆرە تۇرامدا غوجام؟ —سوجاڭ شۇنداق دېگەچ يەنە بىرنى كىكىرتۈۋېتىپ سورىدى:

—يۇمۇر ئاران ئەشۇ بىرمىدى؟

—شۇنى ئاران تاپالىدىم سوجاڭ، يېڭى بولسۇن دەپ...

—يېڭىما ئەشۇ؟

سوجاڭ ئۈچىنچى قېتىم كېكىردى. بۇ كېكىرىش بايامقى ئىككى قېتىمقىدىن كۈچلۈكرەك ئىدى. سوجاڭ ئەشۇ «گارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى. بۇ ئاۋاز تاز چىرايغا «ئىشىڭ پۈتتى» دېگەن مەنىدىكى بۇرغا ئاۋازىدەك ئاڭلاندى.

سوجاڭ ئالدىدا، تاز چىراي كەينىدە بوسۇغىدىن ئاتلىدى. سېمىز خوتۇن داستىكى سۇدا تەخسىلەرنى يۇيۇۋاتاتتى.

—خوش بىغ - بىق، —سوجاڭ شۇنداق دېگەچ چوكاننىڭ قۇيغان ئۆپكە تالاسىدەك لىغىرلاپ تۇرغان پەللىكىگە «پاق» قىلدە بىرنى ئۇرۇپ قويدى. چوكان شۇ هامان قوللىرىنى قولتۇقىغا تىقىپ سۈرتتى:

—خوش، يەنە كېلەلا.

—سېغىنىپ قالامدىكەنسىنا بودەك؟

—سېغىنىمامتىكى، سېغىنغۇچىلىكلىرى بار سىلىنىڭ.

—ئانداقتا، كىم تۇراي.

سوجاڭ بىلەن تاز چىراي رەستىگە چىقىپ ئېرىقتىن ئۆتتى. دەل شۇ چاغدا شاپ بۇرۇت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭدىن بىر نەچچە قەدەم نېرىراقتا كۇسا ۋە باشقا بىر نەچچەيلەنمۇ تۇراتتى.

—بۇرۇتنى كۆيە يەپ كېتىپتىغۇ؟

سوجاڭنىڭ سۆرۈن تەلەت قىلغان بۇ چاقچىقى شاپ بۇرۇتنى خېلىلا يەڭگىللەتتى.

—يەپ كەتتى سوجاڭ، قانداق قىلارمىز، بىزنىڭ جىڭ بولغاندىكىن يەپ كېتىدىكەن.

—قاماپتۇ - دە ئەمىسە، —سوجاڭ گەپنى بىردەمدىلا بىمەسەل تېمىغا يۆتكىدى.

—يەپ بولۇپ يەنە قايتۇرۇپ بېرىدىكەن سوجاڭ.

—يوغان ئىشكەن، بىرەر ئىش بارمىدى؟

—ياقەي، بىرەر قاچىدىن تاماق يېگەچ، يۇمۇرلىرىدىن ئاڭلىۋالاي دەپ...

—مەندە يۇمۇر تۈگىدى، سىلىدە بولسا ئاڭلايلى. بارمۇ يا؟

—بار سوجاڭ، بار.

—قاندىقى بار؟

—پىلانلىق تۇغۇتنىڭكىدىن.

—كونىكەن ئەمىسە.

—ياق سوجاڭ، يېڭى.

—ئاڭلاپ باقايمۇ ئەمىسە؟

سوجاڭ شاپ بۇرۇتنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

—سوجاڭ مەن...

تاز چىراينىڭ گېپىگە ئاشخانا ئىچىدىن جاۋاب چىقتى:

—ساقلا بىردەم.

تاز چىراي ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ توپىغا قېتىلدى. ئۇلار نۆۋەت تالىشىۋاتقان بولۇپ، تاز چىراينىڭ ھەممىدىن چاققان چىقىپ كەتكىنىگە ئاچچىقلىرى كېلىشتىمۇ، ھېچقايسىسى ئۇچۇق چىراي ئاچمىدى.


ھەر ئەسەرنى كۆپ مەتبۇئاتقا ئەۋەرتىپ ئەلەي سىناش، ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى

ئۇلار ساقلىدى، كۈتتى. ئالاھىزەل بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. ئاخىرى سوجاڭلا كۆرۈندى. سوجاڭنىڭ ئالدى تۇگمىلىرى ئېتىلمىدىمۇ ياكى ئۈزۈلۈپ كەتتىمۇ، ئېيتاۋۇر ياغچىنىڭ قاپقىدەك پومبايغان قورسىقى خېلىلا ئوچۇق ئىدى.

ئەمدى نۆۋەت كۈسىغا كەلدى. ئۇ سوجاڭ تەرەپكە ئالدىراپ قەدەم باستى. خېلى تالاشلاردىن كېيىن، سوجاڭ يەنە كەينىگە بۇرۇلدى. كەينىگە بۇرۇلغاچ چىقارغان «گارت ـ گارت» ئاۋازى خېلى يىراقتىن ئېنىق ۋە سۈزۈك ئاڭلاندى. ماۋۇلار ئۇزاق كۈتتى. كۈسىغۇ كۆپ ھايال قىلمىدى. سوجاڭ قانچە تاقارىشقان بولسىمۇ «يۇمۇر» نىڭ سېھرى كۈچى ئۇنى يەنە ئاشخانىغا تارتقۇشلىدى. ساقلاۋېرىپ تاز چىرايىنىڭمۇ، شاپ بۇرۇتىنىڭمۇ، قالغانلارنىڭمۇ تاقىتى تاق بولدى.

كۈن پېشىندىن ئاشقاندىلا سوجاڭ ئاخىرى بوسۇغىدا كۆرۈندى. ئاۋۋال تاۋۇز قاچىلىغان تاغاردەك تومپايغان ئوچۇق قورسىقى، ئاندىن گەۋدىسىنىڭ باشقا قىسمى ئېرىقتىن ئۆتتى. ئۇنىڭ چىرايى سەل ئۆزگىرىپ قالغاندەك ئىدى. كۆزلىرىمۇ، بۇرۇن تۆشۈكلىرىمۇ چوڭايغان، بويىنى قىسقىراپ، بويى پاكارلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. قەدەملىرى ئېغىر ئىدى. توختىماي ھاسىراپمۇ يەنە تىنىق يېتىشمەيۋاتقاندەك، ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى. سوجاڭنى ئاشپەز ئايال قولتۇقلىۋالغان بولۇپ، خېلىلا تەمبەل بۇ چوكان سوجاڭنىڭ قولتۇقىدا ئەمدى بەئەينى چوڭ بىر چايداننىڭ يېنىدا تۇرغان دۇۋەتكىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— سوجاڭغا سەل ئېغىر كەلدى — دېدى سېمىز چوكان ئەتراپىقا ئولاشقانلارغا، — بەك كۆپ يېمىگەن بولمىسا.

— جىق يېمىگەن؟ — سورىدى ئەتتىگەندىن بېرى نۆۋەت ساقلاپ، سەۋرى قاچىسى توشاي دەپ قالغان كەمسۆز، پىت كۆز بالا — يەنە يېيەلەمدا؟

بۇ سوئال ھەممىسىنى جىمىتتى. سوجاڭ بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك ئېغىزىنى ماكىلداتتى ـ يۇ، زۇۋانى چىقماي قالدى.

— ئەمدى يېيەلمەسمىكىن، ئۈتكەن ھەپتە بۇنىڭدىن جىق يېگەن بولمىسا، — سېمىز خوتۇن يەنە قوشۇپ قويدى،

— بۈگۈن ئاش سۈيىنى كۆپ ئىچىۋېتىپ سەل قويالىماپتىكەن.

تۇيۇقسىز سوجاڭنى ھېق تۇتتى، ئۇ ئىنجىقلايتتى. بىرەرى بىلەن ھازىرلا ياقىلىشىدىغاندەك كۆزلىرى تومپىيىپ چىقىپ، بىرخىل قورقۇنۇچلۇق تۇسكە كىردى. ئۆزىنى كونترول قىلىشى تەسكە چۈشتىمۇ، ئاشپەز چوكانغا تېخىمۇ بەك يۆلەندى.

— ۋاي، ۋايەي، بىرەرىڭلار ياردەملىشىڭلارچۇ؟

بۇ چاقىرىق جاۋابسىز قالدى. بىرەرى ياردەملەشكەنمۇ بولار ئىدى، لېكىن سوجاڭنىڭ باشقىچىلا بولۇپ قالغان تەلەتى ھەممىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا بىرخىل قورقۇنۇچنى ياماشتۇرۇپ، كەينىگە داجىتىۋاتاتتى.

سوجاڭنى يەنە ھېق تۇتتى. شۇ ھېق بىلەن تەڭ، سوجاڭ يېڭى چىللاشقا تۇتۇنغان چۈجە خورازدەك بويىنىنى سوزدى. ئەمدى ئۇ ئىچ ـ باغرىنى ئەسىر قىلىۋالغان بار ئازابىنى يۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ كۈچەپ بىر كېرىلدى. شۇ كېرىلىش بىلەن تەڭ سوجاڭنىڭ ئالدى ئوچۇق كۆينىكىنىڭ ئوخرىكىدىن پاراسلاپ ئاۋاز چىقتى، كۆينەك يىرتىلدى.

— ۋاي! — دېدى، سېمىز چوكان.

شۇ «ۋاي» بىلەن تەڭ ئۇ پالاقىدە ئول-
تۇرۇپ قالدى. سوجاڭمۇ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ
سېمىز چوكاننىڭ ئۈستىگىلا ئولتۇرغان ئى-
دى. شۇ ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ بىر خىل غە-
لىتە ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز سوجاڭدىن
چىقتىمۇ، چوكاندىنمۇ ئىلغا قىلغىلى بول-
مىدى.

ئاۋۇلار پاراقىدە كۈلۈشتى.

— كۈلۈسىلەرغۇ؟ — ۋاقىرىدى چو-
كان — بىر ئەر كىشى يوقمۇ بۇ يەردە؟ تار-
تىۋېلىڭلارچۇ بۇنى.

كۈسا، تاز چىراي ۋە يەنە بىر نەچچەيلەن
سوجاڭنى تارتقۇشلىدى، ئەمما مىدىرلىتال-
مىدى.

— قويۇڭلار! — دېدى پىت كۆز بالا،
— ئۇ يېسۇن تېخى.

— يېسۇن؟ ئىش بار ئۇكام بىزنىڭ، —
شاپ بۇرۇت گۈلەيدى، — ھېلىمۇ تالڭ ئاتقان-
دىن نامازدىگەرگىچە يېدى. ئەمدى پونكىتقا
بېرىپ بىزنىڭ ئىشنى تۈگەتمەمدۇ؟

راست، سوجاڭنىڭ ئىشى بار ئىدى.
سوجاڭنىڭلا ئەمەس، ماۋۇلارنىڭمۇ ئىشى بار
ئىدى، ھېلىمۇ كۈن غەربكە قىيسايدى. ئۇلار
سوجاڭنى ئېلىپ كەتمىسە بولمايتتى.

— يۆلەيلى ھويا! — ۋارقىرىدى تاز چى-
راي.

سوجاڭ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەت-
كەنىدى. ھە ـ ھۇ بىلەن ئۇنى ئۆرە قىلىشتى.
سوجاڭ ئەمدى غايەت زور بىر كۆپكە ئوخشاپ
قالغانىدى. بۇ كۆپ ماڭالمايتتى، ئۆزىنىمۇ
دەڭسىيەلمەيتتى. پەقەت يۆلەۋاتقانلاردىن كىم
بوشراق كۈچىگەن بولسا شۇ تەرەپكە قىيسى-
يىپ، ھەر بىر قەدەمنى تەستە يۆتكەپ پون-
كىت تەرەپكە ئاستا پۇت قويدى.

سېمىز خوتۇن ئىزىلىپ كەتكەنمۇ،
خېلىغىچە ئۆرە بولالمىدى. بىر ھازادىن كې-
يىن ئۆزىنى يۆلەشتۈرىدىغانغا ئادەم چىقماي-
دىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ «ئۇھ، ۋايىيەي»
دېگىنىچە ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تارلى-
قىدىن يىرتىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان كى-
يىملىرىدىكى توپىلارنىمۇ قېقىشتۇرماستىن
ئاشخانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

سوجاڭنى يۆلەشتۈرۈپ كېتىۋاتقانلار
بىچارىنى قەدەمدە بىر مۇدۇرۇتۇپ، ھەربىر
مۇدۇرگەندە بىر قېتىم دېمىنى ئېلىۋېلىپ
قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەۋاتاتتى. سوجاڭ بار-
غانچە بولالماي قالدى. ھەر قېتىم ھېق تۇت-
قاندا خېلىلا قىينىلىپ، ھېلىلا جان تەسلىم
قىلىدىغاندەك ھەر يان تولغىناتتى. كىمگى-
دۇر قولىنى شىلتىيتتى. ئاغزى ماكىلدايت-
تى ـ يۇ، زۇۋان چىقمايتتى. نەپەس ئېلىشى-
مۇ بارغانچە تېزلەشتى. قورسىقىمۇ بارغانچە
يوغىناۋاتقاندەك ئىدى. شۇ چوڭ، مۇبارەك
قورساقتىن ئەمدى غولدۇرلىغان، دورۇقلىغان
ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى.

شۇ ھالدا ئۇلار بازارنىڭ قاپ ئوتتۇرى-
سىغا كەلدى، سوجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا بەك
ئۇزاقمۇ قالمىغان ئىدى، ئەمما سوجاڭ زادىلا
بولالمىدى. ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ، ئۆزىنى
يۆلەشتۈرىۋاتقانلارنى ئىتتىرىۋەتتى. ئىتتى-
رىۋەتتى ـ يۇ، ئۆزىنى كونترول قىلالماي
يىقىلدى. شۇ يىقىلىش بىلەن تەڭ بايامقىدىن
كۈچلۈكرەك بىرنى كېكىردى. بۇ كېكىرىك
يەنە بىر يېرىدىن سوزۇپ ـ سوزۇپ چىققان
ئاۋازغا تەڭكەش بولۇپ، سوجاڭغا بىر خىل
راھەت بەخش ئەتتى. شۇ چاغدىلا سوجاڭ «-
يۇ ...يۇ...» دېيەلىدى. بوغۇلۇپ چىققان بۇ
ئاۋازنى ئۇلار سوجاڭ «يۆلەڭلار» دەۋاتىدۇ دەپ
چۈشەندىمۇ، ئۇلاش ـ چولاش كېلىپ يۆلەشكە
تۇتۇندى، لېكىن سوجاڭ گويا ئۇلارنىڭ يۆ-

لىشىگە مۇھتاج ئەمەستەك، قوپال بىر قىلىق بىلەن ھەممىسىنى سىلكىۋەتتى. شۇ ھامان ئۇنى ھۆ تۇتتى. شۇ ھۆ بىلەن تەڭ بىرگە ھىق كەلدى. بۇ ھىق بايامقى ھەر قانداقتىن كۈچلۈك بولۇپ، ئىچ ـ ئەزايىدىنمۇ ئەيتاۋۇر تەسۋىرلىگىلى بولمىغۇدەك بىر ئاۋاز چىقتى.

—ئۆلۈپ قالماس ـ ھە؟

يىت كۆز بالىنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى.

سوجاڭ يىت كۆز بالىغا ئوبدانلا بىرنى ئالىسىپ قويۇپ، تەر دەستىدىن لاي بولۇپ كەتكەن قولىنى ئېغىزىغا تىقتى. گويا بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان بىرەر نەرسىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندەك، ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ كانىيىغىچە ئاپاردى.

ھەيهات، مۇنۇ كارامەتنى! سوجاڭنىڭ قولى ئېغىزىغا قانچىلىك تېز كىرگەن بولسا شۇنچىلىك تېز يېنىپ چىقتى. قولى بىلەن تەڭ موللەك ـ موللەك غەلدى ـ غەشلەر ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ يۈزىنى بىر ئالدى، ئۇ يەنە ھۆ بولدى. ئەمدى چوڭ بىر بۇلاقنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ كەتكەندەك، ئاق، قىزىل، قارا، يېشىل رەڭلەر ئارىلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ ـ غارايىپلار توختىماي چىقىشقا باشلىدى. سوجاڭنىڭ قورسىقى كۆچەپ لۆمشىيتتى. بۇ لۆمشىش چىقىۋاتقان ئارىلاشمىلارنى بىر ـ ئىككى غېرىچ ئېگىزلىككە ئۆرلىتىپ چاچرىتاتتى. ئەمدى سوجاڭنىڭ كۆزى قايسى، بۇرنى قايسى ئىلغا قىلغىلى بولمىدى.

تۇرۇپلا سوجاڭنىڭ قورسىقى لۆمشىشتىن توختىتى. بۇلاقمۇ بىردەمگىنە پەس كويغا چۈشتى. باياتتىن بىرى بۇ كارامەتكە ھاڭۋېقىپ قاراپلا قىلىشقان تاز چىراي، شاپ بۇرۇت، كۇسا ۋە باشقىلار سوجاڭنىڭ تۇتقىلى بولىدىغان يېرىگە قول سوزۇشۇپ، يۆلەشتۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. ھەي ئىست! ئەسلىدە ئولتۇرغۇزمىسىمۇ بوپتىكەن. شۇ ئۆرە قىلىش بىلەن تەڭ سوجاڭنىڭ ئۆز قۇچىقىغا پاتماي قالغان قورسىقى ئۆزگىچە كۈچلۈك بىر لۆمشۈدى، قۇسۇق ئېغىزىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى. كونىلارنىڭ «بۇرنى ـ قۇلىقىدىن چىقتى» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇرنى ۋە قۇلىقىدىن ئۇزۇن ـ ئۇزۇن لەغمەنلەر ساڭگىلاپ، سوجاڭنى تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق، تېخىمۇ بەت ـ بەشىرە ھالغا كەلتۈردى. ئاۋۇلار قاچتى. سوجاڭ دۈم بولدى. دۈم بولغىنىدىلا ئىلغا قىلغىلى بولدىكى، سوجاڭنىڭ شىمى چوڭ بىر سۈزمە خالتىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. بەتبۇي پۇراق ئەتراپنى بىر ئالدى. بىردەمدىلا نەچچە ئونلىغان چىۋىن گويا بىرسى كوماندا بەرگەندەك گىژىلدىشىپ ئۇنىڭ كاسىسىغا قوندى. ئەمدى ئۇنىڭ قورسىقىلا ئەمەس كاسىسىمۇ توختىماي لۆمشىيتتى.

—يۇمۇر! —خېلىدىن كېيىن سوجاڭ ۋارقىرىدى. ئۇ زۇۋانغا كەلگەنىدى.

—راست، يۇمۇر — دېيىشتى تېخى تارقاپ كەتمىگەنلەر— مانا بۇ ھەم يېڭى ھەقىقىي يۇمۇر.

بۇ خېلى بۇرۇنقى ئىشلار. شۇ ئىشتىن كېيىن يېزىدا ئانچە كۆپ يۇمۇر دېيىلمەيدىغان بولدى. دېيىلسىمۇ ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا «يەتتە قاچا لەغمەن سوجاڭ» نامىدىكى ئەشۇ بىرلا يۇمۇرنى دېيىشەتتى.

(ئاپتور: لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



مۇرەككەپ ئىشلار مەتۇرسۇن، زۇرنىلىمىزغا نادىر تەرجىمە ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىپ تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.



# ئاخشاملىقنىڭ چالمىسى يامان

تونۇشۇم غولامنى باشلىق ئۆزىگە «ئىز با-
سار» قىلىپ تاللاپتۇ — دەپ ئاڭلاپ كۆرۈشكۈم
كەلدى. قايسى «باشلىق»، قايسى سىستېما
ئىكەنلىكىنى ئېيتماي، ھازىرچە «جېگىلى» دەپ
تۇرايلى. ئۇ «جېگىلى» نىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇس-
تىگە ئالسا مۇئاۋىنلىرى، بۆلۈم باشلىقلىرى
نېمىش قىلىدۇ؟ «ئىز باسار» دېگەننى تۈزۈمن
كۆرسىتىپ، يۇقىرى مۇقىملاپ بېرىلىدىغان ئىش
. ئەمما بۇ يەردە سۆز تاغىلىدىن ئەمەس، باغلىدىن
چىقىپ، پۈتكۈل ئىدارە ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ
بېرىلگەنىدى. ئۇ، بۇ كەڭ ساھەنى ياخشى
باشقۇرۇپ كېتەلەمدۇ-يوق، بىلمەيمەن. بىراق
مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، كۈنى دەك-
كە-دۈككىدە ئۆتتۈزۈۋاتقان غولامنىڭ ئەشۇ «-
جېگىلى» تەرىپىدىن ھەمىشە خىزمەتتىن قوغ-
لىنىش خەۋپىدە تۇرۇشى ئىدى. بارسام ماڭا
ئوخشاش گەپ ئاڭلىغۇسى بار يەنە بىر دوستى
— غاپپارنىڭ ئۇنىڭغا كىرىپ تۇرۇشى ئە-
كەن. «قانداق قىلىپ بۇنداق كاتتا ئىشنى قولغا
ئالدىڭ؟» — دەپ سورىدۇق. ئۇ ئايىنىپ تۇر-
مىدى:

— ئىدارىمىز چوڭ ئورۇن. بىر باش بول-
مىسا بولمايدۇ. كىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلدى،
ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. جېگىلى يەتتە ئايلىق ئۆ-
گىنىش-ئېكىسكۇرسىيىگە ماڭماقچى بو-
لۇپتۇ: «قارىسام سىزدىنمۇ قابىلراق ئادەم يوق
ئىكەن. ئىدارىنىڭ پۈتكۈل خىزمەتلىرىنى سىز
باشقۇرۇپ تۇرىسىز. كېيىنچە بەلكىم ئىدارە
ئوڭچە سىزگە قالامدۇ تېخى. يۇقىرىغا يۆتكە-
لىدىغانلىقىمنىڭ گېپى بار. ئىشلىگەندە دادىل
ئىشلەڭ. ھەربىر سۆز-ھەرىكەتتە مېنىڭ ۋە-
زىپە-سوپۇتۇمنى تىلغا ئالسىڭىز ئىشىڭىز
يۈرۈشۈپ مېڭىۋېرىدۇ. ھەم يەنە بالا-چاقىلە-
رىم سىزگە قالدى. ۋىجدانلىق كۆيۈنۈپ قو-
يۇڭ» — دېدى. ئوڭۇممۇ-چۈشۈممۇ قول-
قىمنىڭ نېمىنى ئاڭلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي
قېتىپ قاپتىمەن. «يۈرۈك، مالىيە، مەمۇرى،
كەسپىي بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقى-
رىڭ» — دېدى ئۇ يەنە. بۇ سوغۇق تەلەت ئادەمگە
«ياق، دېيىشكە ھەددىممۇ، ئەجەب تەڭقىس-
لىقتا دېگىنىنى بىجا كەلتۈردۈم. شۇنداق قى-
لىپ، ئىدارىنىڭ چوڭ-كىچىك تىزگىنىنىڭ
ھەممىسى قولۇمغا چۈشتى. جېگىلى كېيىنكى
كۈنى تازا داغدۇغىلىق يىغىن ئاچتى. پۈتۈن
ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالدىدا مېنى كۆككە
كۆتىرىپ «ھەقىقىي رازۋروس تايانچى»، «كې-
يىنمۇ بەربىر چوڭ ئىش تۇتقۇزىدىغان رەھبەر»
دەپ جاكارلاپ، مەن كىرىدىغان ئىشىك،
ئىشلىتىدىغان ماشىنا، كۆچۈپ كىرىدىغان
ئۆي، ھەرخىل خىراجەت، مۇكاپات، ئومۇمغا
ئىشلىتىدىغان پۇل قاتارلىقلارنى بېكىتىپ بەردى
. تەرەپ-تەرەپتىن گودۇڭ-گودۇڭ باشلاندى.
بەزىلەر چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. بەزىلىرى خە-
رىلداپ كۈلدى. مېنىڭمۇ كۈلگۈم كەلدى.
گەپنى مۇنداق باشلىدى:

— مەن بۇ ئىدارىغا يۆتكىلىپ كەلگىلى
بىر قانچە يىل بولدى. ئەسلى باشقا تارماقتا
بوغالتېر ئىدىم. كۆپىنچە ئىشىم مەمۇرى سا-
ھەدە بولاتتى. دوكلات تەييارلايتتىم، خۇلاسە
يازاتتىم، تەكشۈرۈشكە باراتتىم، دەرىجە ئاتلاش
ئېھتىمالىم كۆپ ئىدى. بىر چاغدا مېنىڭ قا-
بىلىيىتىم ئەسلىدىكى پىشقەدەم باشلىقىمىز-

نىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قاپتۇ . يۆتكىلىپ ئۇ-
زۇن ئۆتمەيلا ئۇ باشلىقىمىز ئورنىدىن قېلىپ ،
بۇ باشلىقىمىز بىزگە باش بولدى . ئۇنىڭ بىلەن
بىر مەھەل ئىپ ئۆتتۇق . كېيىن ئاڭلىسام ، «-
گەدىنى ئۆرە نەرسىكەن ، يۇقىرى مەكتەپتە ئو-
قۇغان ، بىلىمىم بار دەپ كۆرەڭلەپ يۈرىدى-
كەن...» دەپتۇ . ئاچچىقىم كەلدى . ئۇنىڭ
مۇئامىلىسىمۇ پەيدىن ـ پەي ئۆزگىرىشكە باش-
لىدى . قايسى سادىقەتمەن يەتكۈزدى ، ئۇنى: «-
ئىقتىدارى يوق ، چارە ـ پىلان ، تەدبىرگە خام ،
كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلد-
ۇرۇشقا لاياقەتسىز كىشى...» دەپتىمىش . ئە-
شىمدىن قۇسۇر چىققىلى تۇردى . مەسئۇللى-
قىمدىكى خىزمەتلەرنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭغا ياق-
مىغانىنىڭ ئۈستىگە ئەزەلدىن ئۆلگە بولۇپ كې-
لىۋاتقان ئىشخانىمىزنىڭ بازىرى كاساتلاشتى .
مېنىڭمۇ خېلى بىر جايلارغا مەشھۇر شەرەپ
نامىم ھەر قېتىملىق باھالاشتا تاسقىلىپ تې-
رىملاش ـ ئەستىقلاشتىن چۈشۈپ قالدى. يول-
لىنىدىغان دوكلات ، خۇلاسىلىرىم ئەمدى ئۇ-
نىڭغا چۈشۈنۈكسىز تويۇلدى: «ھېچنىمىنى
ئاڭقىرىپ بولمايدۇ . ئايرىم كۆچۈرۈك ، ئۆزىنى
مەلۇماتلىق سانايدۇ ، چالا ساۋات ئادەمچىلىكمۇ
بىر نېمە يازالمايدۇ ، نېمىسىگە كادىرلار قو-
شۇنى ئىچىدە جان ئېتىپ كەلدىكىنا...!» كۆ-
چۈرگۈچى ناھايىتى ئەگقىسلىقتا قالىدۇ: «مۇ-
شۇندلق قاراڭ ، سىزنىڭچە قاندلق قىلسام بولار؟»
مەن دېمەن: «شۇ پېتى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ بې-
قىڭا» . ئۇ مېنىڭ دېگىنىمچە قىلدى . ئۆز-
گەرتىشسىز يېڭى كۆچۈرۈلمىسى ئۇنىڭغا يا-
رالپ كېتىدۇ، لېكىن نەتىجە ـ ئۇتۇقتا چۈمۈچكە
چىقمايدۇ . ئىشقىلىپ پۇتاقلىرىم كۆپ . قان-
چە ـ قانچە ئىلتىلىق توغرا قىلسامىمۇ يوچۇق
چىقىرىۋېرىدۇ . كۆڭلۈمدىكى ئىش ئاخىرى
يۈز بەرمەيمۇ قالمىدى . بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزى-
پىمدىن ئايرىلىپ بوغالتېرلىقتا قالدۇرۇلدۇم .
بۇمۇ ئەسقاتمىدى . باشلىقنىڭ كۆپ ئالاقىسى
بوغالتېرلىقتا چېتىشلىق ئىكەن . دەماللىقچە
مۇۋاپىق ئورۇن تاپالماي « كاسسىر بولسۇن »
دېدى . كاسسىرلاردىن ئىدارىمىزدا نەچچىسى
بار . مەن ئەشۇلارنىڭ ئەڭ كەينىدىكىسى بول-
دۇم . شۇقىداقتىمۇ ئۇنىڭغا تازا ئېپ بولمايدىغان
ئوخشايدۇ ، بىھۇدە نورغۇن پۇل خەجلەپ شو-
پۇرلۇق كېنىشكىسى سېتىۋېلىپ قولۇمغا رول
تۇتقۇزدى . مىڭ تەستە شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىپ ،
تاشلاندى چوڭ باكلىق ماي توشۇش ماشىنىسىنى
قولۇمغا ئالسام ، قورسىقىغا يەنە قاندلق جىن
تەپتىكىن ، رولنى مەندىن تارتىۋېلىپ ، دەرۋازىغا
مۇئەككەل قىلدى . پىشانەمدىكى شۇ ئىككەن
ئەمەسمۇ ، ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە دەرۋازا بىلەن
ھەپلىشىپتىمەن . ئاخىرقى ھېساپتا دەرۋازىمۇ
ماڭا ۋاپا قىلمىدى . دوغاپچى ، كاۋاپچى بولۇپ
ئىككىنچى ـ ئۈچىنچى سەپنى رلۋاجلاندۇرۇ-
شۇمنى ئويلىشىپتۇ . بۇنىمۇ مۇۋاپىق كۆرمەي
ئىدارىنىڭ يىراق بۆلۈكىدىكى ئەسكى ـ تۈس-
كىلەر ئامبىرىغا قارلىچۇق قىلىپ بەلگىلەپتۇ .
قاتتىق ئىزا تارتتىم . ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق
تۇيۇلدى . بىر ۋاقىتتا قارىسام رەھبىرى كادىر-
لارنىڭ دېموكراتىك باھالىنىش ۋاقتى ئىكەن ،
پىكىر تەلەپ قىلىنغان قۇلۇپلۇق يوغان ساندۇق
تېرەككە مىخلاقلىق تۇرۇپتۇ . مەن ئۇنىڭغا
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قىلىپ بىر توپلام شىكايەت سال-
دىم . ھېچ جاۋابى يوق. ئۈچىنچى ئېيى سان-
دۇقنى ئاستا يۆلۈپ ، ئەسكى ـ تۈسكىلەر ئام-
بىرىغا ئاپارسام ، شىكايىتىم شۇ پېتى ساندۇق
تۆشىكىگە چاپلىشىپ ئۇخلاپ قاپتۇ . مېتە
چۈشۈپ كېتىپتۇ . چاشقان سۈيدۈكى پۇراپدۇ ،
ئۆز ئەھۋالىمغا ، ئىشلەتكەن قەغىزىمگە ئې-
چىندىم . ئۇ ئەمەلىيەتتە خۇسۇسىي شىكايەتنا-
مىلا ئەمەس ، باشلىقنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئىق-
تىسادىي ئۇلىنى كولاش ، پۇلىنى ناتوغرا ئىش-
لىتىش ، مەبلەغنى بۇزۇپ ـ چېچىش ، چې-
رىكلىك ، پارىخورلۇق ، ئىسراپچىلىقتا ئائىت
پاش قىلىش خېتى ئىدى . مېنىڭ سەۋرى قاچام
شۇنچە چوڭمىدى ، ئۇ ماڭا ئورا كولىسا ، مەن
كولىمامدىم . ئۇنىڭ ئۈچ ـ تۆت يەردە ئۆي ـ
قورۇسى قەد كۆتۈرسە ، مېنىڭ باش تىققۇدەك
كەپەممۇ يوق؛ ئۇنىڭ ئاشكارە ـ يوشۇرۇن ما-

شىنىسىدىن بىر قانچىسى يورغىلاپ يۈرسە، مېنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا قاسقان تاپقىدەك ماغدۇرۇممۇ يوق؛ ئۇنىڭ ئۆي-ئۆيلىرىدە داڭلىق ماركىلىق تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇلار كۈنبويى ياڭراپ تۇرسا، مېنىڭ تاڭ قىلىپ چەككۈدەك دېپىممۇ يوق، ئۇنىڭ يار-بۇرادەر، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تۈگۈل ئالىي، تېخنىكوم كۆرمىگەن سەككىز-توققۇز بالىسىنىڭ ھەممىسى شتاتلىق مۇھىم خىزمەتلەردە تۇرسا، مېنىڭ ئۆز ئورنۇمنى مەھكەم ساقلاپ تۇرغىدەك ئاساسىممۇ يوق. ماڭاش چاغلىق، ھەر ئىككىمىز ئالىمىز. ئالتۇنغىمۇ ئىشلەپتىكەن، تەكتى كەمبەغەلچىلىكتە قىپيالىڭاچ ئادەممىش، دالىنى تۇنەك، سامانلىقنى ماكان قىپتىكەن. بىرلىق ئۇ پۇلنى نەدىن تاپىدۇ، شۇنچە نەرسىلەرنى قانداق ئالىدۇ، شۇنچە بالىنى قانداق باقىدۇ، نېمە بىلەن قانداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بۇ بىر تىلسىم. مەن بۇنىڭغا قارىتا قورسىقىمدا ھېچقانچە غوم ساقلىمىغان تۇرسام، ئۇ مەن بىلەن نېمىگە بۇنچە ئۆچەكىشىدۇ. گەرچە بۇ تەرەپلەرنى پاش قىلىش خېتىمگە ئالمىغان بولساممۇ، كۆزۈم كۆرگەن، قولىقىم ئاڭلىغان پاكىتلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە خېلى توختالغانىدىم. ئىشنى مۇشۇ ساندۇق مۇئامىلىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالىمىدىم. پاش قىلىش خېتىمنى قايتا رەتلەپ يۇقىرىغا سۇندۇم. لېكىن بۇ خەت قانداق بارغان بولسا، شۇنداق ئۇچۇپ كېلىپ، باشلىقىمىزنىڭ قولىدا ئارام تېپىپتۇ. چاقىرىدۇ دېيدۇ، كىرسەم باشلىقنىڭ تەلەتى سۇرلۇك:

—بۇنى سىلى يازغانما؟

—ھەئە.

—راست ...راست سىلى يازغانما!؟

ئۆزۈم يازغان خەتتىن ئۆزۈم گۇمانلانغاندەك ئاستا سىلجىپ بېرىپ پوچۇركامغا سەپسالدىم. ئالدىنقى بەتنىڭ پېشانىسىدە «ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇتمۇ، تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار...» دېگەن بېغىشلىما چاقناپتۇ. راست مەن يازغان خەت:

—شۇنداق، مەن يازغان.

—ئۆز باشلىقىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرىدىغان قانداق نېمىسەن؟!

—بۇ ئىسيان ئەمەس.

—كۆردۈڭمۇ، سەن يازىسەن، بىزگە كېلىدۇ. سەممىي پاك، ئابرويلۇق ئادەمگە بوھتان قىلىدىڭ..

—يوغىسۇ، دۆلەت، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بۇ، مۇنداق چوڭ ھەق-ناھەقنى سۆزلىمەي بولمايدۇ.

باشلىقنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. پاش قىلىش خېتىمنى مۇجۇقلىدى:

—ھەق-ناھەق سۆزلەيدىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىمۇ بۇ؟ يوقال بۇ يەردىن خىزمەت تاپ!

—نېمىشقا؟

—ئورنىمىز مېنىڭ مەسئۇللىقىمدىكى ئىدارە. مەن ھەممىگە مەسئۇل، ھەممىنىڭ ئىگىسى مەن. كېلىشىڭ-كېتىشىڭمۇ مەندىن بولىدۇ.

—شۇنداقتىمۇ مەسىلىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە قاراش كېرەك-تە. مەن ئۈچۈنمۇ بىرەر سەۋەب بولۇشى لازىم. خەلق بەرگەن ھوقۇق بىلەن خەلقنى ساۋىداشقا بولمايدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

—ماڭا ھوقۇقنى ھاكىم بەرگەن.

—ھاكىمنى خەلق سايلىغان. ئېيتتىمىغۇ، مەن ئۈچۈن ئەلۋەتتە سەۋەب كېرەك.

—سەۋەب، —دېدى ئۇ، —ئەسلىدىن بېرىلىپ ئىشلەش ئىرادەڭ ياخشى ئەمەس. تېنچلىققا، مۇقىملىققا زىيان سالدىڭ. يۇقىرىغا خەت يېزىپ باشلىقىڭنى غۇلاتماقچى، ئىدارىنى قالايمىقان قىلماقچى بولدۇڭ.

—بۇ پەقەت ئىدارىنىڭ ئابروي-مەنپەئەتىنى قوغداش، ئاسراش يۈزىسىدىن قىلىنغان ئاقىلانە ئورۇنۇش. دېموكراتىيە دېگەن مۇشۇ، تۆۋەن نازارەت قىلىدىغان گەپ، —دېدىم مەن، —سىزمۇ شۇنداق كېتىۋەرسىڭىز، ئۆز پۇتىڭىزغا پالتا چاپىسىز، ئىدارىنى پۈتۈنلەي ۋەيران

قىلىۋېتىسىز ، خېتىمدە يازغىنىمنى ئوقۇپ
كۆردىڭىزمۇ؟

ئۇ بىر ھازا جىم بولدى ۋە ئىتتىلداپ :
«ھەممىسى يالغان!» — دېدى .

— دېمەك ، ئەشۇ مەسىلىلەرگە بىرمۇ ـ
بىر جاۋاب بېرىش مەسئۇلىيىتىڭىز باركى ،
مېنى قوغلاش ھەققىڭىز يوق . بۇ كونا جەمئى-
يەت ئەمەس ، ئائىلىۋى ئېستىل قوللىنىشقا
بولمايدۇ . تۈزۈمىمىزدە تېخى ماھىيەتلىك
ئۆزگىرىش بولمىدى .

— مەن قانۇن ، مۇشۇ يەرنىڭ ۋەكىلى .
سەن تېخى ... ھە ، توغرا ، قانچىلىك نېمە-
لىك ، ناھايىتى ئۇلۇغ تۆھپەڭ باردەك سۆزلەي-
سەن ، بىلمەملۇق سېنى ؟

— مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن سىزنى ، سىز-
دىكى تۆھپە قانچىلىك؟...

... — مەن ...مەن ئۇزاق ئىشلىگەن...
دۆلەتكە تۆھپە قوشقان— ...دېدى ئۇ .

— بىزچۇ ، مەنچۇ؟...

— مەن بىلەن تۆھپە سېلىشتۇرغۇدەك بارمۇ
تېخى ؟! ...

— بار ، سىز ھەققىدە توختىلايلى . تۆھپەم
ئۇلۇغ دېگۈدەك بار ، قايسى تۆھپە ئۇ ؟ گومىن-
داڭنى ئاغدۇرۇشقا قاتناشقانمىدىڭىز ، قان كې-
چىپ ئىنقىلاب قىلغانمىدىڭىز ، خىزمەت
كۆرسەتكەنمىدىڭىز ، دۆلەت قۇرۇلۇشى—
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ھەسسە قوشقانمىدى-
ڭىز ، تا ھازىرغىچە بىرەر ئورۇن ، بىرەر ئاسا-
سىي قاتلامدا ئىجابىي يۈكسىلىش بەرپا قىلغان-
مىدىڭىز ، ئىگىلىك يارالتقانمىدىڭىز ، چۈ-
شۈرۈپ بېرىلگەن كۆرسەتكۈچنى ئاشۇرۇپ ئو-
رۇنلاپ باققانمىدىڭىز ...ئۆزىمىزنى ئارلن بې-
قىپ كېتىۋاتىمىز ، ھۆكۈمەت يۆلەك بولمىسا
بۇمۇ يوق تېخى . «نېمە تۆھپەڭ بار» دەپ مەندىن
سورايسىز، مەن ئىدارىڭىزغا ئەجىرسىز ، تۆھ-
پىسىز كەلگەنمۇ ، مېنىڭ ھېچقاندىق تۆھپەم
يوقمۇ؟!

ئۇزۇممۇ كۆپىرەك سۆزلىۋېتىپتىمەن . ئۇمۇ
ئەمدى مەن بىلەنكى نەزىرىيىۋى جەڭنى توختات-
تى . لاغىلداپ تىترەپ نەچچە قېتىم يەرگە ئۇ-
كۆرۈپ تاماكا چەكتى:

— كەت بۇ يەردىن ، ئەسلى ـ ۋەسلىڭنى
كۆرۈپ قويدۇق . ئولتۇرغان ئۆيىنى بوشات !

— ياق ، مەن خۇسۇسىي ئۆيىڭىزگە ئە-
مەس ، ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدىم .
خەتنى بېرىڭ .

— ئەتە ...ئەتە ئىشقا كەلمە ، سەن ...سەن
ئەزەلدىن چاتاقچى نېمە .

ئۇ خېتىمنى يەنە مۇجۇقلىدى . خەت ئال-
قىنىدا ئىتتىلىپ تۈگۈلمىگەندەك ئىدى . چىقىپ
كەتتىم . پوپوزىسىغا پەرۋا قىلاتتىممۇ ، ئەتى-
سى ئەتىگەن ئىشقا كەلدىم . ئۇ راست دېگى-
نىدەك قىپتۇ . مېنى ئەتىگەنلىك يوقلىما ،
چۈشلۈك يوقلىمىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ ، ھەتتا
ئاق دوسكا ، قارا دوسكا ، قىزىل دوسكىدىكى
نۆۋەتچىلىك ئىسىملىرىمنىمۇ ئۆچۈرۈپ تاش-
لاپتۇ . ماڭا ئىش قالماپتۇ . بۇنىڭدىن بۆلەك
باشلىقلىرىمىز ، شۇجىلىرىمىزنىڭ ئالدىغا
دوقۇرۇپ باقتىم . ئۇلار كۆڭلۈمنى ياساپ باقتى-
لىۇ ـ يۇ ، ئىچىدىكىنى تېشىغا چىقىرالمايدۇ .
قايسىبىرى ماڭا ئاستا پىچىرلاپ: «ئەمگەك ـ
كادىرلار ئىدارىسىگە بېرىپ باق . ئۇلار ئىش-
چى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىنى
كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ ،»—
دېدى . دەررۇ چاپتىم . بۇ ئىدارىدىكىلەرنىڭ
تولىسى راست مۇشۇنداق خىزمەت ئىشلەمدۇ ـ
يوق ، بىلمەيدىكەن . ئەمەلىيەتتە مۇشۇ دائىرى-
گە چېتىلغان ئادەم بار ئىكەن . مەن ئۇنى ئىدارە
باشلىقىدىن سوراپ مىڭ تەستە تېپىپ ئەھۋالنى
ئېيتسام ، ئۇ : «سىلە باشلىقىڭلار بىلەن ئوب-
دان چىقىشىپ ئۆتمەيسىلەر ، ئالمادىس ئە-
دىيە قالايمىقانلىشىپ ئىش ئاقمىسا تەسىرى
قاندىق بولىدۇ؟» — دەپ يولىيۇرۇق كۆرسەتتى .
قايىل بولماي پاش قىلىش خېتىمدە يازغان مە-
سىلىلەرنى بىرمۇ ـ بىر ساناپ بەردىم . ئۇ مەن-
دىن زېرىككەندەك چوڭ بىر ئەسنەپ: «ئۇنداق
مۇبالىغە قىلماڭلا . كادىرلارنىڭ پاكلىق قۇرۇ-
لۇشى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىۋاتقىلى نەۋاق ؟


شائىر مەتسەيدى مەتقاسىم «ئۇيغۇر بازار سەتتى» ناملىق كىتابىمىزنىڭ نەشردىن چىققانلىقىنى قۇتلۇقلايمىز!

مەركىزىمۇ بۇ خىزمەتنى دائىم تەكىتلەۋاتىدۇ. پارتىيە مەكتىپىمۇ مۇشۇ توغرىلىق قاتلاممۇ قاتلام كۇرس ئۇيۇشتۇرۇۋاتىدۇ. دەرۋەقە، سىلى ئېيتقاندەك شۇنداق دەۋا قىلىپمۇ كېلىشىدۇ، ئېنىقلىسا ھېچنىمە چىقمايدۇ، بۇمۇ شۇ خىل ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن، مېنىڭچە سىلىدىكى تەسادىبى تۇيغۇ بولسا كېرەك. بولسا مۇنداق قىيىشىۋەرمەي ئېلىشىپ قېلىڭلا، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراڭلار... — دېدى.

قانۇنىي مەنپەئەتىمنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلگەنى شۇنچىلىك. ئەتىسى رېۋىزىيە-ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تاپتىم. بۇ يەرگىمۇ تولا قاتراپ، پاش قىلىش خېتىمدىكىلەرنى تەكرار-تەكرار ئېيتىۋېرىپ ۋە كېچىلىرى قايتا-قايتا تۈزلەپ تاپشۇرۇۋېرىپ ھېرىپ كەتتىم. ھەتتا شۇجى، ھاكىملارغىچە بارىمەن دېدىم. شۇ چاغدا يەنە بىرسى مېنى: «باشلىقىڭلارنىڭ باشلىقى ھاكىم، يۇقىرىسىدىغۇ شۇجى بار. نېمە دېمەيلى، شۇجى، ھاكىملارنىڭ چىرىغى ئەشۇ باشلىقىڭلارنىڭ مېيى بىلەن يورۇيدۇ. ھېچقاچان سىلىگە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ بەرمەيدۇ»، — دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۆزۈممۇ جاھىل، ھېچبولمىسا مەن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنىڭ بىرەرىنى بولسىمۇ تەكشۈرسۇن دېگەندە چىڭ تۇردۇم. پاش قىلىش تېلېفونىنى قولۇمغا ئېلىۋەرگىنىممۇ سەۋەبتۇ بەلكىم، ھەر ھالدا بۇ نۆۋەت تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى. ئىدارىدىن مېنى چاقىرتىپتۇ. چىقسام مەن بىلەن كۆپرەك ئالاقىلاشقان ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكى ھېلىقى قويۇق قاشلىق سېمىز ئادەم بىزنىڭ جىڭلى ئىشخانىسىدىكەن. ئۇ مېنى يانىدىكى كۈتۈنۈش ئۆيىگە ئاپىرىپ: «سىز بۇلار بىلەن تولا ھەپىلەشمەي دېگىنىڭىزدىن چىقىپ بەرسىڭىز قانداق؟ ھازىردىن باشلاپ ئۆز ئىشىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىۋېرىڭ. ياخشى ئىشلەڭ، كونا-يېڭى گەپلەرنى تەگەشمەي، ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىسەك ئۆزىڭىزگىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ پايدىلىق. شۇنداق قىلامسىز؟» — دېدى. ھەر نېمە بولسا ئورنۇم ئەسلىگە كېلىپتۇ. ئۆچۈرۈلگەن ئىسمىم قەغەز چاپلىنىپ يېڭىلاندى. شۈكرى قىلدىم. «يەپ كەتتى»، «ئىچىپ كەتتى» قورسىقىمنىڭ كۆپىكى بار، يېسە مېنىڭكىنى يەيتىمۇ، نېمە كارىم. كۈتۈلمىگەندە، ھېلىقى ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ئەكسىچە كېيىنكى ھەپتىسى مەن پاش قىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر گۇرۇپپا چىقتى. «جىڭلى مانا ئەمدى تازا بابلىنىدىغان بولدى. بىشۈگۈرلۈكلىقى، ساختىپەزلىكى، تەكەببۇرلىقى، بىر يولى چاك قىلىپ بېرىلىدىغان بولدى» — دەپ ئويلىدىم. دېمىسىمۇ ئۇ يۆۋلىشىپ كەتتى. مەنمۇ چىك-چىك دەمسەپ، ئۆزلۈك يۆتىلىدىغان بولدۇم.

كىم بىلسۇن، ئەمگەك-كادىرلار ئىدارىسىدىكى كىشىنىڭ ئېيتقىنى توغرىكەن. شۇنچە چەمبەرچاس تۇرۇپ ئىدىتلىق تەكشۈرۈش، يۈزلەشتۈرۈش، سېلىشتۇرۇشلاردىن ھېچنىمە چىقمىدى. كۆپىنچىسى بويىنى چۈشكەن باشلىقىمىزنىڭ تەرىپىگە يۆگرەشتى. ھېساۋاتنىڭ ئىنچىكىلىكى مۇناسىۋەتلىكلەرنى ئانچە-مۇنچە سىلكىپ قويدىكى، بىزنىڭ باشلىقنى قىلغا چاغلىق نەپسانىيەتچىلىك يۇقتۇرمىدى. تەكشۈرۈشكە چىققانلارمۇ «ئۇ-بۇ نېمىسى كەم»، «قىممىتى چۈشكەن» نەرسىلەرنى يېتەرلىك «سېتىۋېلىپ» ئىشنى تۈگەتتى. مەن قالدىم، چالمام سۇغا چۈشتى. ئانچە-مۇنچە «سىلكىنىپ» قالغانلارمۇ مەندىن يامانلاشقا باشلىدى. «باشلىقىنى قۇرۇق تۆھمەت قىپتىمەن، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بىر ئاقلىۋالدى، بولدى قىلار» دەپ بىخارلىمان يۈرۈپتىمەن. نەدىكىنى، ياڭاقتىن تاش قاتتىقكەن. ئۇ ئىككى-ئۈچ قېتىم ئىدارە بويىچە چوڭ يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ چوقامىغا مىق قاقتى. خىزمىتىمنىڭ ئوبدان كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نۇقسانسىزلىقىنى ئەمەلىي سانلىق مەلۇماتلار بىلەن كۈچلۈك ئىسپاتلاپ يۇمشاق تېۋىلغىسىدا قاتتىق ساۋىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارىم يۈرىكىم پەسلەپ، زۇۋانىم تېشىغا

چىقماس بولۇپ كەتتى . دولام پەس ، روھىم ئۇسال . بىر چاغدا شۇنداق گەپ بولغان — «يېشىل چىراغ» دېگەننى شۇمىدۇ يە . ئۈن-تىنسىز ئىشلەۋاتىمەن . جىڭگىلغا ياخشى تەسىرات بېرەي ، گۇناھىمنى يۇياي ، بېشىمنى ئېگىزرەك كۆتىرەي دېگەننى نىيەت قىلىپ ، بىكار قالسىملا ئىدارە ئىچى ، ئالدى-كەينىدىكى ئېرىقنى چاپتىم . جىرىم تىكتىم ، كېپەكلىدىم ، خالا تارتتىم ، تامنىڭ يىقىلغانلىرى ، ئوچۇق-پۇچۇقلىرىنى سوقتۇم . ھەتتا گۈللۈك رېشاتكىلىرىنى قايتىلىغىنىمنى ئاز دەپ چوڭ بىنا ئالدىدىكى كەڭ سەينانى تورۇس-پەلەمپەيلىرىگىچە كۈنبويى سۇ چېچىپ سۈرتۈپ پاقىرىتىپ چىقتىم . جىڭگىلى بۇ خالىسلىقىمغا پەرۋا قىلمىدى . بەزىبىرلىرى: «بۇمۇ ئازلىق قىلىدۇ ، تۆۋە قىلسۇن ، تېخىمۇ ئۇزاقراق چىنىقسۇن...» — دەپ ئۇنىڭغا ئەقىل بېغىشلاپتۇ .

ماڭا بىردىن-بىر ھېسداشلىق قىلغۇچى قەمەر خانىم بولدى . قەمەر خانىم بىزنىڭ جىڭگىلنىڭ ئايالى بولۇپ ، ئارقا-ئارقىدىن توققۇز-ئوننى تۇغۇۋەتكىنىگە قارىماي تولىمۇ زىبا كۆرۈنىدىغان نازاكەتلىك خوتۇن ئىدى . ئۇ بىرقانچە يىل ئىلگىرى يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا يۆتكەلگەن ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئۇۋاسىتىلىق سىتاژ ئۇلاپ رەسمىي خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ، ئەگەر خالىسا ئۇنىڭغا يەنە ئىستىقبال ئوچۇق ، بۈگۈن يا ئەتە تەنتەنىلىك مۇراسىم بىلەن پېنسىيىگە ئۇزۇتۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى . ئەمما جىڭگىلنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلسە ، ئۇنىڭمۇ ئۆستۈرۈلۈش ئېھتىمالى بولغاچقا ، ئۇ ھازىرچە بۇنىڭغا ئالدىرىمىغاندەك ئەمەس ، تۇرقىدىكى ئۇپا-ئەڭلىك ، ئالتۇن بېزەكلىرىنى كۈندە يېڭىلاپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە ، بۇ تەۋەگە يەتمىگەن يېڭى-يېڭى مودىلار بىلەن ئۆزىنى ئەمدى تېخى ھاياتى زوقىغا تولغان ياش نوتىغا ئايلاندۇرۇپ تۇراتتى . ئۇنى ھېچكىم بۇنچە كۆپ بالىلىق دەپ ئويلىمايتتى . ئەركىنى ئۆز مەيلىگە بەرگەن ، كۆچەپ بالا تېپىۋاتقان چاغلىرىدا تېخى نوپۇس چېگرىسى يوق ئىدى .

ئۇ قانداقلا بولمىسۇن تۈنجى بالىسىنى قاتارغا قوشقان «تۆھپىكار» ، تاماشا-كۈلكىدىن يانمىغان ، مېڭىشى ئەجەب بىر نەپىس دولقۇن ، ئېگىلىپ بىر سىپسىلىۋېلىشقا ئەرزىگىدەك ئايال ئىدى. ئۇ بەزىدە ئىدارە خىزمىتىگە ۋاسىتىلىق ئارىلىشىپمۇ قوياتتى . ئائىلىسىدە ھەممە ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولاتتى . بىزگە سۈرلۈك قادىلىدىغان جىڭگىلى ئۇنىڭ ئالدىدا بەك مۇلايىم ، ئىختىيارەن ئۆز ئالدىغا يېپىمۇ ئىشلىمەيتتى .

مەن قانداق قىلسام يۈزۈمنى يورۇق قىلالارمەنكىن ، ئورنۇمدا مەزمۇت تۇرالارمەنكىن ، ئەسلى ۋەزىپەمنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ يۈلۈپ ئالالارمەنكىن دەپ بۇلارنىڭ خۇشىغا ئارىلاشقان ، قەمەر خانىم سەيلى-زىيارەت ، كامانىدىروپكىغا ماڭغاندا تېرىپ-تۆشەپ يەتتە يۈز كويلۇق تۇتقان ھەم كەڭ ئىككى ئېتىز قىلەمچىسىنى ئىدارە-ئىدارە تارماقلىرىغا قىممەت باھا قىلىپ ساتقۇزالىغانىدىم . بۇنىڭ پايدىسى قانچىلىك ، مېنىڭچە ، ئېرىدىن كۆرە خوتۇنىدىن كۆپرەك ياخشىلىق كۆردۈم دېسەم بولىدۇ . قېلىسى ئاخشىمى كۆلچەكتىن سۇ ئېلىپ تۇرىۋاتسام تۇيۇقسىز بىر چالما قاڭشىرىمغا شاققىدە تېگىپ قولۇمدىكى چېلەككە چۈشتى . يۈز-كۆزۈمدىن ئوت چاقناپ نەلەرگە دىڭگۇسلاپ كېتىپتىمەن . «ۋاي! ... قايسىڭ! ! ...» سۆڭگۈچ يېنىدىكى كۆلەڭگۈگە چاچرىلىپ بارسام قەمەر خانىم ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە پاكار تام بويلاپ ئالدىنقى قورۇغا كېتىپ قالدى. ئەمدى ئاغرىق-ئاغرىق ئەمەس ، بۇ چالما ماڭا يۇمشاق بىلىندى . بۇ چالمىسىزمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇ مەندىن پات-پات گەپ سوراپ قوياتتى . بىر كۈنى تۇرۇپلا كاتىكىدىكى سۇلارنى چىقىرىۋېتىپ ، كۆكتات ئېتىزىنى يۇمشۇتۇپ تۇرىۋاتاتتىم ، ئۇ يېنىمدىن ئۆتۈپ قالدى :

— ئىشلەۋاتامسىلا؟

— ھەئە ، خانىم ، بىكار تۇرغۇم كەلمىدى .

— مۇنۇ گەپلىرىنى ، بىكار تۇرغىلىرى

كەلمىسە ... ئۆزلىرى خېلى تېتىك كۆرۈنىۋا. تىلىغۇ...

— ئەمىسە ... بىزدە كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، خانىم.

قەمەر خانىم قاھ - قاھلاپ كۈلدى. مەنمۇ ھېيىقىشنى چۆرۈپ ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە ماسلاشتىم. قەمەر خانىم يەنە دېدى:

— مۈڭگۈزلىرى ئىچىلىرىدىكەن سىلىنىڭ، سىلىدىن مۇنچىلىكمۇ گەپ چىقىدىكەنغۇ.

— چىقىدۇ، خانىم، بىزدىمۇ مۈڭگۈز بار.

— مۈڭگۈزلىرى بىلەن پەمىدۇر - پىدىگەنلىكنى ئوكتەي - توكتەي قىلىۋەتمىسىلە يەنە.

— ئۆزىمىزنى بېسىپ تۇرىۋاتىمىز، بولمىسا نۇرغۇن ئىشلارنى ئوڭ - تەتۈر قىلىۋەتكىمىز بار.

خانىم يەنە كۈلدى ۋە قىزىلمۇچ - پىدىگەنلەرنى ئۈزۈش ۋاقتىنىڭ يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنى سوراپ كېتىپ قالدى.

بىر ئاز قوپال گەپ قىلىۋەتتىممىكىن، ئۆز - ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. بىر ئاخشىمى يەشىككە قىزىلمۇچ، پەمىدۇر قاچىلاپ بارسام ھېلىقى گەپلىرىمنى ئېغىر ئالماپتۇ. ئۇ مېنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۇلارنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان چوڭ نەۋرىسى بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. بۇ «دوست» قا ئەلۋەتتە پۇل - پۈچەك، ھېيت - بايراملىق بېرىپ تۇردۇم. جىگلىنىڭ مېنى كۆرسە چىرت - چىرت تۈكۈرۈپ دومسىيىپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن ئائىلىسى ماڭا ئىللىق تۇيۇلىدىغان بولدى.

بۇنىڭلىق بىلەن ئىش تاماملانمايدىغانلىقىنى بىلىپ بىر ئەقىل تاپتىم. بۇ ئەقىلنى قايسىبىرىنىڭ كەچۈرمىشىدىن ئاڭلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭسىزمۇ بىر يېقىنىمىز ئۆتكەندە جىگلىنىڭ بىر تالاي ئەسكى جابدۇقلىرىنى يەنى، كونا كىگىز، جۇۋا - جۇشاڭ، گىلەم، ئىشكاپلىرىنى سېتىۋېلىش بەدىلىگە شۇنچە ئوڭايلا دىل رەنجىسىنى يەشكەنىدى. بۇ ئەقىل ماڭا قانداق يەتتى، ئىككىسى رېئاللىقتا قانداق يۈزلەشتى، بىلمەيمەن. قارىسام ئۆيىنىڭ دېرىزە تەكچىلىرى، ھويلا بۇلۇڭلىرىغا نۇرغۇن بىكېرمەك نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ قاپتۇ. مەن ئىككى يېنىمغا قارىمايلا بېرىپ، كونا رادىئو، ئەسكى كىر ئالغۇ، ئۈن ئالغۇ، توڭلاتقۇ، تېترەڭگۈ تېلېۋىزور، ئابدۇرلۇق ۋېلسىپىت، شامال پۈركىگۈچلىرىنى ئىلغاپ چىقتىم:

— سېتىۋالاي، جىگلى.

جىگلىنىڭ مېيىقىدا كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى:

— نېمە قىلاتتىڭلا؟

— ئىشلىتىمەن. مەندىن ئاشقىنىنى تۇققانلارغا بېرىۋېتىمەن. شۇنداقىغا ۋەدەم بار ئىدى.

— ياقەي، بىكار زىيان تارتىسىلە، ئۆزۈم ئىشلىتىمەن دېسەڭلا، ئىشلىتىۋېرىڭلا.

— بۇنداقتا قانداق بولىدۇ، بازارلارغا تازا ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بۇ، بىر قىسمىنى ئىشلىتىپ، بىر قىسمىنى ساتسامۇ يەنە جىق پايدىسى قالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ نەرخىنى كېلىشتۇق. جىگلى باھانى پەس قويدى. مەن ئۆرە ئېيتتىم. باھا ئاساسەن زاۋۇتتىن چىقىش نەرخىگە تەڭلەشتى، ھازىرچە ئازغىنە پۇل غەملەپ بېرىدىغان بولدۇم. قالدىسىنى ئايغا بۆلۈپ مائاشىمدىن تۇتۇۋالىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتەلمەيمەن. ئۆمرى قىسقارغان، ياكى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بۇ بىر دۆۋە تۆمۈر - تەستەكنى تۈزدۈرۈشكە قۇربىم يەتمەيدۇ. بۇلارنى يېزىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمغا بىردىن - بىردىن سوۋغا قىلىپ تۈگىتىۋېتىمەن. لازىم بولسا ئوڭشاتسۇن، ئوڭشىتالمىسا تاشلىۋەتسۇن. مەن جىگلىنى خۇش قىلالىسامىلا بولدى.

بىراق جىگلىدىن تېخىچە ياخشى ئىنكاس ئاڭلىمىدىم. يەنە نېمە قىلىپ بېرەي. بىر كۈنى جىگلىنىڭ نەۋرىسى قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ باللىرى بىلەن سوقۇشۇپ قاپتۇ. مەن ئارىغا كىرىپ ھېلىقى «ھارامزادىلەر» نىڭ ئاتا -

ئانىسى، جەددى ـ پۈشتى بىلەن راسا مۇشتلاش-
تىم . قاش ـ قاپاق ، كۆزلىرىمنىڭ ھېچيېرى
ساق قالماپتۇ . گۆرەن قېتىش قولاق تۈۋىمگە
قاتتىق سېلىنىپتىكەن، مىلەر ـ سېلەر قىلا-
ماي تۆت كۈن بىھوش ياتتىم . بۇ نۆۋەت باش-
لىقنىڭ قاپىقى خېلى ئېچىلدى :

— ئۇ شۇندلق مۇتىھەملەردىن ئۇكام، ئاز-
چە ـ مۇنچە تېتىتىپ ياخشى قىپسىز ، كەچتە
ئۆيگە بېرىڭ ، بالىلارنىڭ ئاپىسى تاماق قىلىپ
بەرسۇن ، ـــ دېدى .

قەمەر خانىم پەرۋانە بولۇپ مېنى كۈتتى .
خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ جەننەتكە كىرىپ قالغان-
دەك ھېس قىلدىم . كېيىنكى ھەپتىسى ھەر
ھالدا ئورنۇم ئۆزگىرىش ياسىدى . بۆلۈم باش-
لىقلىقىدىن گەپ ئېچىش تېخى يىراق . بوغال-
تېرلىق، كاسسىرلىقنىڭ ھېچبىرىگە رەسمىي
قويۇلمىغان بولسامۇ ، ئىدارىدە خېلى ئىسمىم
چىقىپ ، پىششىق ـ خام يېمەكلىك مېھمان-
دارچىلىقىنىڭ كالتە كۆسىيى ـ زاپخوزى
بولدۇم .

ھەشەمەتچىلىك ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا چوڭ
يەپ ـ ئىچىش چەكلىنىپ تۇرىدۇ . ئېيىنى تا-
پىدۇ ، يېيىلىشىنى يەپ تۇرىدۇ، ئىچىپ تۇرى-
دۇ . ھېساب توغرا ، ھېچنېمىسىنى ئېنىقلى-
غىلى بولمايدۇ . ماڭا پۇرسەت بار ، تەۋەيمىز-
نىڭ جاي ـ جايلاردا شۆبە تەركىبلىرى كۆپ ،
كۆزدىن كۆچۈرگىچىلەر ، باھالىغۇچىلار ،
باشلىقلار ، مېھمانلار كېلىدۇ . خاتىرە كۈنلەر
، بايراملارمۇ تولا ، چاي رەسلاشقا توغرا كېلىدۇ
. ھەممىگە بىرمۇ بىر دېمىگەندىمۇ بەزىبىرلى-
رىنىڭ يېتىشسىز ـ كەم تەرەپلىرىنى توي ،
خەتمە توي، تەشتى توي ، كۆچتى توي ، ئۆز
يېنىدىن چىقىرىپ يىغىلىشلار ، ئايلانما ـ چا-
قىرىۋېلىشلار تولۇقلاپ تۇرىدۇ . ئومۇمىي ئاھاڭ
يەرلىك مۇقامغا بۇرۇلۇش ياساپ ، «چاي» كۆكۈل
ئېچىش ، ئولتۇرۇشقا ئايلىنىدۇ . مەن شۇنىڭ
يۇگۇر ـ يېتىمچىسى — «زاپخوزى» ئىكەنمەن
تاشقىرىدىكىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىلكىمدە.
قوي سويۇپ تونۇردا كاۋاپ قىلىمەن . ئېلىپ

كىرىمەن ، كىرگۈزىمەن ، خىلمۇ ـ خىل زا-
كوسكىلارنى ئالدىن تەق قىلمىسام بولمايدۇ .
مۇھىمى بىزنىڭ باشلىق ۋە قەمەرخانىنىڭ ئالدىغا
قويىلىدىغان تۇخۇم ـ توخۇ ، كاۋاپ ، بېلىق
قورۇمىلىرىنىڭ ئالمىشىپ كېتىمىسلىكىگە
دىققەت قىلىش كېرەك . ئۇلارغا ئېلىپ كېرى-
لىدىغىنى چوڭ ـ چوڭ پارچىلانغان ، تەملىك
قىلىپ قورۇلغانلىرى بولىدۇ . ئۇلار بۇ يەرنىڭ
خوجايىنلىرى ، ئۇلار شۇندلق يۇتۇشقا ، شۇندلق
چايناشقا ھەقلىق . ئۇلار بار دېسە ھەممە نەرسە
بولىدۇ ؛ يوق دېسە ھەممە نەرسە يوق بولىدۇ .
ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى ھەر قانچە چوڭ ـ كاتتى-
مۇ ئۆزىنى ھەرگىز بۇلارغا تەڭلەشتۈرمىسۇن .
«ئوسما كەتسە قاش قالىدۇ ، سۇ كەتسە تاش .»
باشقىلىرى ئالقانچىلىك ، بارماقچىلىك ئې-
رىشسىمۇ مەيلى ، قوللىرىنى يالاپ قالسىمۇ
شۈكرى قىلىدۇ . پەيتى مۇۋاپىق ھەر قاندلق
سورۇننىڭ ئېشىپ قالغان نازۇ ـ نېمەت ، ھا-
رلق ـ تاماكىلىرىنى پەم بىلەن جايلاشتۇرۇپ قو-
يۇشمۇ بىر سەنئەت . ئولتۇرۇش ، زىياپەتلەردىن
كېيىن ئۇنى يۇدۇپ جىڭلىنىڭ ھوزۇرى ـ مۇبا-
رەك ئۆيىگە شوڭغۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ . مەن
بۇندلق ئىشنى پۈتتۈرۈشكە ئۇستا ، ھەر قايسى-
سىنى تۆپلۈرماي لايىقىدا جۈنلىمەن . جىڭلى
گەپ قىلماي جىمجىت ئولتۇرىدۇ ياكى مەلۇم
باھانىدا ھويلا ـ ئارام تاشقىرلىرىغا ماڭغان بولى-
دۇ . خانىم مېنى پەپىلەيدۇ ، مەن بىلەن چېقى-
شىدۇ ، مۇمكىن قەدەر ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ كې-
تىشىمنى تىلەيدۇ .

ياخشى . «بۆلۈم باشلىقى» ۋەزىپەمنىڭ
ئەسلىگە كېلىشى مۇقىملىشىپ قالدى . يەنە
ھېلىقى قوشۇمچە «تەخسىماتچىلىق» تەڭشى-
گۈچچىلىككە يۇگرەۋېرىدىغان ئوخشايمەن .
ماي ئىسكىلاتى ، ماشىنا ـ ئاپتوموبىل ئەترىتى
مېنىڭ باشقۇرۇشىمدا بولىدىكەن . قەمەر خا-
نىمنىڭ ئالاھىدە شوتىسىغا ئايلىنىپ قالغاندەك
ئىدىم . ئاپىرىدىغانغا ، چۈشۈرىدىغانغا مەن
بولمىسام بولمايتتى . چۈنكى مەن ئۇنىڭ بارلىق
ساقال پىچىقى — يالاندى سوپۇنلىرىنى سى-

قىپ-مىجىپ بىرىنى ئۇياق، بىرىنى بۇياق قىلىۋەتكەنىدىم. ئۇلار ھېلىمۇ ماڭا چىشىنى بىلەپ يۈرەتتى. بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ نېمە قىلىمەن. بازار چاققانىنىڭ، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئىسلاھ قىلمىسام بولمايدۇ. دېمىسەممۇ شۇنداق بولمىدىمۇ. خانىم نېمىگە ئېھتىياجلىق، كۆڭلى نېمىنى تارتىدۇ، نېمىگە تېپىدىدۇ، ھېچقايسى مەنچىلىك ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. خانىمنىڭ تولا ئىشى كۆپ قاتراش، كەچلىك ئولتۇرۇشتىن يېنىش ۋە شۇ ئولتۇرۇشنىڭ يىرىمىدا پات-پات تالاغا چىقىپ قويۇش. مەن ھەرقاندىق كۈتۈلۈشنىڭ ئىشكىگە يېقىن ئولتۇرىمەن. پالاقشىپ كېلىشىدۇ: «-خانىم كۆرۈنمەيدىغۇ، ئەلەك-سەلەك بولۇپ قالدىمىكىن، كۆڭلى ئاينىپ يۈرمىسۇن يەنە...» مەن ئۇلارنى توسايمەن: «جايىڭلارغا بېرىڭلا، پاتپارلىق قىلماڭلا، خانىم كىرىدۇ. ھاجەتكە چىقىپ كەتكەن.» ئۇلار ماڭا چەكچىيىدۇ. كۆزى قىيمىغاندەك ئاستا-ئاستا يېنىپ كېتىشىدۇ. مېنىڭ ۋاقتىم ئۇلارنىڭكىدىن ئۇزۇن، خانىمنى ئېرىلدىن ئاۋال، يا ئاخىر قولتۇقلاپ بارىمەن. مەن ئۇنىڭدىن ئۆلگىدەك تەپ تارتساممۇ بەزىدە ئېغىزىمنى ئوق قىلىپ ئېتىۋېرىمەن. ئۇ بەك چىقىشقاق خانىم. شۇنىسى ھەي...مەن نېمە بولۇپ كەتتىم.

«ئەمگەكچىلەر بايرىمى» ئاخشىمى خانىمنى ئۆيىگە ئېلىپ باردىم. يولدا ھەررەك-سەررەك مۇدۇرۇشۇپ سوقۇلۇپ ماڭدۇق. ئۆيىگۇ يىراق ئەمەس، خانىم بىر يېرىنى ئاۋايلىمىدىكىن دېگەندەك رۇس ماڭالمايتتى. توفلىسىنىڭ تاقىسى سىڭا كەتتى بولغاي «ۋاي» قىلىپ قۇچاق ئاچتى. مەن كاپلا قىلىپ تۇتىۋېلىپ مۆرە-يانپىشىدىن كۆتۈرگەن پېتى كارىۋاتقا ئېلىپ باردىم. نېمە دېگەن ئېسىل پۇرلاق، بويۇن، قۇلاق، بارماقلىرىدا ئالتۇن، ئۈنچە-مەرۋايىت جۇلالىنىپ تۇرغان پەرىزاتنىڭ ئۆزى. بىر ھازا قېتىپ قاپتىمەن. ئىسسىق نەپەس بارغانسېرى يېقىن ئۇرۇلىۋاتىدۇ. بىر نېمىدىن قورققاندەك تېخىمۇ چىڭ يېپىشىۋاتىدۇ. مىڭ قەترە

شۈكرى. ھەر ھالدا پەپىلەپ ئولتۇرغۇزدۇم. چاي دېدى، چاي ئەكەلدىم. لۆڭگىگە بۇيرۇدى، لۆڭگە ئەكەلسەم ئۇنىڭ بىلەن باش-كۆزلىرىمنى سۈرتتى. سەل ئوڭايسىزلاندىم. ئارقىدىن «ياق» دېگىنىمگە ئۇنىماي مۇشتەك ناۋات سېلىپ چاي قويدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىمدا مىدىرلىمايلا يېنىمدىكى ياستۇق تەكچىدىن قىيامى جۇلا، ياڭاق ھالۋىسى، ئىسكەنجۇل شەربىتى، قىيامى قاتلىما دېگەنلەرنى ئېلىپ قولمۇ قول تىزىۋەتتى. گەپ-گەپكە قولاشتى. ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن، خېلى ئوي يەردىنمۇ گەپ قىلدى. ئەركىن-ئازادە پاراڭلاشتۇق. بىر دەم ئۆتۈپ تاش كىيىملىرى، پايپاقلىرىنى سېلىۋېتىپ چات كىرىپ، يوتا، جەينەك، پۇتلىرىنى يۇدى. مەن سۇ قويۇپ بەردىم. بەدىنىمگە گۆر قىلىپ ئوت كەتتى.

—ھە، غولىماخۇن، —دېدى ئۇ ماڭا زەن سېلىپ كۈلۈپ، — سىلىنى بىر قاندىق ئىكەن دېيىشىدىغۇ.

—نېمە، نېمە؟، — كۆزلىرىمنى يوغان ئاچتىم.

—بەزىبىر قىلىقلىرى بولماسمىش، چاتاقمىشلا.

—نېمە دېسىلە!...چاتاق دەملا؟...

—ئالماش يەرلىرى بارمىش.

مەن يەنە ھاڭ-تاڭ قالدىم:

—مۇنۇ ئىشنى!... تۆۋە دېسىلە!!...

—سىلىنى ھېلىقىدەك ئىكەن دەپ ئاڭلايمەن.

خانىم يانپىشىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەنمۇ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ ھىجايدىم:

—ياق، خانىم، مۇزدەك تۇرساق جىمىك ئەركەك بىز.

—ئۇنداق ئەمەسمۇ سىلى؟

—ئەستەغپىرۇللا ...ما خانىمنى!...

خانىم يەنە تېلىقىپ-تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنى دەڭگەسلەتتىم. ئۇنىڭ مەن بىلەن خېلى پاراڭلاشقۇسى باردەك ئىدى. بىرلىق جىڭلىنىڭمۇ تۆگە يۇڭى سېرىق پوپايكىسىنى

ئەكىلىپ بېرىشىمنى تاپىلىغانلىقى ئۈككىدە ئېسىمگە يەتتى. چەكسىز خىجىللىقتا ئۆزۈمنى ئاران ئۆرە قىلدىم.

— ئاپارمىسىلىمۇ بولار، لازىم بولسا بالدۇرراق كېيىۋالسا بولماستى، — دېدى خانىم.

— ئاپارسامىكىن، كېلەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. قاراپ قالار.

— بولىدۇ. بېرىپلا كېلىڭلا ـ ھە، بىردەم ھايال بولۇپ قالسىلا، قورقىدىكەنمەن.

— كېلىمەن. بېرىپلا يانىمەن.

— ئەمىسە چىقمىدىم. دەرۋازا ئوچۇق قالىدى.

— ئوچۇق تۇرسۇن. مەن كەلگەندىكىن.

يولبويى خانىمنىڭ ھېلىقى ئوچۇق ـ يورۇقلىقى، گەپ ئۇرلىمنىڭ مېھرىلىك پەيزىنى سۈرۈپ ماڭدىم. بەك چىقىشىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقىسى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن بىر ئاز ئىزا تارتىپمۇ قالدىم ھەم يەنە مېنى كەلتۈرۈپ نېمە قىلار، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇيۇ، بۈگۈن نېمىشقا قورقىدىغان بولۇپ قالدۇ. شۇنداق ئادىتىمۇ بار؛ بەزى ئاخشاملىرى مېنى بىرسىنى قىچقىرىشقا ئەۋەتىدۇ. بەزىدە بىللە ئېلىپ بېرىپ تاشقىرىسىدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. تولىسى ئېرىنىڭ كۆڭلى يېقىن شەپقەتچىلىرى، ھوقۇقى چوڭ كاتتىنىڭ ئىشقى ـ تەلەپ ئېھتىياجىنى يوقلايدۇ. بۈگۈن مېنى يە شۇلارنىڭ بىرەرسىگە سالامدىغاندۇ، — دەپ دىلغۇلدا بولدۇم.

بارسام مەرىكىمىزنىڭ بىر قىسىم ئىچەرمەنلىرى ۋە جېگىلىنىڭ ئۇيان ـ بۇياندىن ساقىپ لېڭشىپ كەلگەن ئاغىنىلىرى زاكوسكىلارنىڭ ئېشىندى ـ تېشىندىسىنى يىغىپ قايتىدىن سورۇن باشلاپتۇ. جېگىلى بۇ ياندا گەجگىسىنى يۆلەپ ئۇخلاپ قاپتۇ. مەن پوپايكىسىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ئاستا يېپىپ قويدۇم. ئىدارىدىن چىقىپ يان يولغا ئۆتسەم ئېرىق يېنىدا كەتمەن تۇتقان بىرسى يوغان بىر يۆگەمنى پۇرقىرىتىپ چېكىۋېتىپتۇ. ھوشۇر چاپاقمىكىن دېمەن. ئادەتتە تاماكا چەكمىسەممۇ ئاز ـ پاز ھاياجىنىم چالىلىقىممۇ بار، بەك تۇتۇپ كەتتى:

— ئەكىلىڭلا، بىر شۇرلاي.

ئۇ تاماكىنى بېرىپلا سۇ ياقىلاپ بۇغدايلىققا كىرىپ كەتتى. كۈچەپ ـ كۈچەپ ئۈچ ـ تۆت شۇرلاپتىمەن. گېلىمدىن سىيلىق بىر نېمە ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىسى تۇرغان جايىمدىن ئۆمىلەپ قوپتۇم. ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئاخشامقى ئوغرى ماڭا موخۇركا ئەمەس، نەشە بېرىپتۇ. مەن نەشە چېكىپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلىمەن، خانىم نېمە دېگەندۇ، ئىشىك شۇنداقچە ئوچۇق تۇرغانمىدۇ. كىرسەم خانىم راست دېگەندەك چىرايىمغا قارىمىدى. ياخشى ئۇخلىيالمىغاندەك قىلىدۇ. كۆزلىرى بىر ئاز قىزىرىپ قاپتۇ. چۈشەندۈرۈشۈمگە رايى ئۇنىمايدىغاندەك، گېپىم تېتىمايدۇ، ئىشىمنىڭ ھېچ بىرى ياقمايدۇ. جېگىلىمۇ ئۈن ـ تۈنسىز گۈلۈشۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، كۆمۈش تاۋىقىم يېرىلىپتۇ. مەن چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن. «قازان ـ چۆمۈچ» نىڭ بەركىتىغۇ يوق. «بۆلۈم باشلىقلىق»، «ماي ئىسكىلاتى»، «ماشىنا ئەترىتى» — بۇ ھەقتىمۇ تەۋىش يوق. ساپالىق ئىشىم تۈگەپتۇ. ئامەت قېچىپتۇ. يەنە قاچان قوغلىنىشنى كۈتۈپ يېتىش كېرەكمۇ، كۈنۈم شۇنداق دەككە ـ دۈككىدە ئۆتەمدۇ، ماڭىمۇ تۈزۈكرەك بىر ئىش تۇتقۇزسا بولمامدۇ. خانىمنىڭ بەزىبىر قىلىقلىرىنى چىتقا يېيىپ ئەلەق ـ مەلەق قىلىۋېتەيمۇ يا، پايدىسى يوق، ئۆتكەندە قانداق بولدى. ئۆزۈمنى ـ ئۆزۈم پاش قىلامدىم. باغچىلى، شوۋىچىسى دېمەمدۇ. ئىنتايىن تىت ـ تىت بولۇپ كەتتىم.

ئون نەچچىنچى كۈنى يۇقىرىقى رەنجىمەگە شىپا تاپتىم. جېگىلى چاقىرتىپتۇ. كىرسەم ئۇ ماڭا سىنچىلاپ تۇرۇپ:

— ئىدارىلاردىن ئىختىساسلىقلار، تايانچى خادىملار، يېزا ئاساسىي قاتلاملارغا بارىدىكەن. بەش ـ ئالتە ئايلىق خىزمەتكە ئوخشايدۇ. بىزدىن سىلى بارىدىغان بولدۇڭلا، — دېدى.

مەن ئىختىساسلىقكەنمەن، تايانچىكەن-

مەن . ناھايىتى خوشال بولدۇم . كېيىن ئۇقسام ،

قايسىبىر باشلىقنىڭ «يېزا ئىگىلىكىدىكى
نامرات ئائىلىلەرگە يار ـ يۆلەك بولساڭلا» دې-
گىنى جىگىلىنىڭ قولىقىدا قاپتىكەن ، مېنى
ئۆز ئالدىغا مەخسۇس بەلگىلەپ ، چەت بىر مە-
ھەللىگە زورغا كادىر قىلىپ ئېبەرتىپتۇ . ھېچ-
قايسى ئىدارە ـ ھېچقايسى كەسىپتىن ھېچكىم
ھېچيەرگە بارماپتۇ . مەنلا كۆرسىتىلگەن جايغا
بېرىپ ئۆزۈمنى «يۇقىرى تەشكىل ئېبەرتتى»
دەپ تونۇشتۇرۇپتىمەن . ھەممىدىن ئاۋۋال قو-
لۇمغا كەتمەن ئېلىپ ، ھەممىدىن ئاۋۋال دېھ-
قانغا دەككە بېرىپ ، جەرىمانە ئېلىپ ، ئې-
تىزدىن ، خىزمەت ئۈستىدىن كەتمىگەنچىلىك
قىلدىم . ھېرىپ كەتتىم . ئاش ـ نېنىڭ نەدە ،
ياتىدىغان ، قوپىدىغان يېرىڭ قايەر ، كۆز پەس-
لىدە ئارلن يېتىپ كەلسەم ، تۆھپە سۈرۈشتۈ-
رۈشكە ئامرلق باشلىق قاچان كەلدىڭلا دەپ سو-
رلپمۇ قويمىدى . جىمىپ قالدىم .

شۇ ئارىدا دەريا ساھىلى — ئۆزلاق چۆلدە مىڭ
مو مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىشنىڭ گېپى چىقىپ
قالدى . بۇنىڭ ئۈچۈن قىشلىق بوز يەر ئۆزلەش-
تۈرىلىدىكەن . ھەربىر ئىدارە ئورگانلىدىن بىر ـ
ئىككىگە قەدەر ئادەم تاقلىنىدىكەن . ئۇنىڭغا
بارىدىغانلار خىزمەت ئىپادىسى ئانچە ياخشى
ئەمەس ، چېنىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان
ياشلار ئىكەن . خۇدا ھەققى ماڭا بىر كەلمىگە-
ىدى دەپ تۇرسام ، مەن ياشقا ئوخشايمەن ، بۇ
ئىشقا يەنە مەنلا يارىدىم ، شۇ كەتكەنچە تا بۇ
يىل بەشىنچى ئايغىچىلىك ئۆزلەشتۈرۈلگەن
يەرگە ئورمان تىكىپ بولۇنغانغا قەدەر يۇرت دې-
گەننى كۆرۈپ باقمىدىم . قوماندانلىق مەركە-
زىمىز بار ، خىزمەت كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ ،
جان پىدالىق بىلەن ئىشلىيدىغان گېپكەن . ياتى-
دىغىنىمىز گەمە ، ئىچىدىغىنىمىز لاي سۇ ،
سالجا ، سوغۇقنىڭ ئازلبى ، كېچىلىرى توغ-
رلقتا گۈلخان يېقىپ ، ئۆلغايغان قارا سۇدا لاي
ئېقىتىمىز . كۈندۈزى دۆڭ يۆتكەيمىز ، تۈز-
لەيمىز ، چۇمباڭ كولايمىز . شۇندلق قىلىپ
ئۆلەر ـ تىرىلىشىمگە قارىماي چۆلدە يەتتە ئاي
كەتمەن چاپتىم . چېنىقىش دېگەن شۇنچىلىك
بولار . ئۇستىخانلىرىم بىر قەۋەت تىرە تاش-
لاپتۇ . كالپۇكلىرىم دوردىيىپ گەز قاتلاپ ،
ئالقانلىرىم تېشىلىپ كېتىپتۇ . شەكسىزكى،
مەن بۇ قېتىمقى ئىمگەكنىڭ قەھرىمانى ئىد-
ىدىم . جىگىلىنىڭ بىر ئاز رەھمى كەلدى: «ياخ-
شى ئىشلەپسىلە .» — دېدى .

كۆپ ئۆتمەي «يول ئاساسىي قۇرۇلۇشى ،
سۇ ئىنشائاتى ئۈچۈن سمونېت تاختاي ئىش-
لەشكە ئادەم ئاجرلتقۇدەك» دەپ قايتا شامال چىق-
تى . غۇززىدە ئاچچىقىم تۇتتى . يەنە مەن با-
رلمدىم! راست دېگەندەك كىملۇ بىرى : «خېلى
يۇقىرى ئاڭلىقلىقنى ئىپادىلەپ كېلىۋېتىپسە-
لەر ، شۇنىسى ھەي ...تاشقىرقى خىزمەتنىڭ
ئېپىگە چۈشۈنۈپ قالدىڭلار جۇمۇ . يەنە بارى-
دىغان بۇپسىلەرغۇ؟ ...» — دېدى . بېشىم پىر-
رىدە قايدى . «ئوتنىڭ ئوتقا ، سۇنىڭ سۇغا ،
قالدى قېتىقنىڭ بەشپۇلى» . ياخشى ئىشلە-
گەننىڭ زىيىنىمۇ بۇ. شۇنداقلا ئەتىۋارلامدۇ .
ئاچچىق ياغقا دۇم چۈشكەندەك بولدۇم . ماڭ-
غان ـ تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن . نېمىشقا بال-
دۇررلق قېرىمايمەن . قېرىسام ... تېزرلق قېرى-
سام ، تىنچ ئارام پىنسىيىگە چىقىۋالسام-
چۇ ، — دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە كايىپ كەتتىم .

— ھوي ، سىلىنى كۈندە بۇ تام تۈۋىدىكى
پەلتەڭدە كۆرۈمەن . تۈگىمەيدىغان ئاچچىق بار-
دەك ئۆز ـ ئۆزۈڭلارغا سۆزلەپ كېتىپسىلەرغۇ؟

مەن ئىتتىك باش كۆتەردىم . ئالدىمدىكى
تاماكىسىنى توغرا چىشلەكلىك يۈزىنىڭ يېرى-
مى كۆلۈك تۇرغان كىشى ئىدارىمىزنىڭ ئىش-
تىن سىرتقى توپ كوماندىسىنىڭ تەنھەرىكەت-
چىسى ئىدى .

— بىرەر ئىشنىڭ پىشىنى تۇتالمىدىم
زادى .

ئۇ مېنى دەرۋازا ئۇدۇلىدىكى ئاشخانىغا
باشلاپ كىردى . چاي ئارىلىقىدا بىر كۆزىنى
قىسىپ دولۇمغا مۇشتلاپ : «نادانلىق قىل-
ماڭلا ، بىزنىڭ باشلىق خوتۇنىنىڭ تاھارىتىدە


ھارۋادا خوت يوق، ساراڭغا سوت (يوق) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم تۇرسا ، كەينىدە خېلى شالاقلاپ يۈرمەتتىڭلا ، شۇنىمۇ بىلمەمتىڭلا . ھەر ئىش بولسا ئېرىلەن كۆرە شۇنىڭغا دېگەن ياخشى ، ھەل بولمىقى ئاسان — ...دېدى . مەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ باقانلىقىمنى ، ھېچقىلىپ بېشىمنى ئوڭشىيالمايۋاتقانلىقىمنى ئېيتسام ، ئۇ كۆلۈمسىرەپ ئېگىشىپ قولاق تۈۋىمگە يېقىن كەلدى : «ئاخشاملىقنىڭ چالمىسى يامان جۇمۇ . ئۆرۈكلۈكتە خوندەك بار ، ئېتىزلىقتا موندەك ، ئاخشاملىقنىڭ چالمىسى دېسەڭ بولىدۇ ئۇ خوتۇننى ، لېكىن ئۆزى بولىدىغان خوتۇن . ئۇنى ئۇبدان بىر ئىندەككە ئېلىپ كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ قويۇڭلا» .

«ئاخشاملىقنىڭ چالمىسى يامان» توغرا . ئەشۇ ئاخشىمى مەن ئۇنىڭ يوتىسىغا سۇ قۇيۇپ بەرگەندە ئەجەب بىر گەپ قىلغان ، چالمىسى بىكار چۈشمەپتىكەن، چالمىسىدىن قېچىپتىمەن ، مەن شۇنىڭ ھالاكىتىنى تارتىپتىمەن ـ دە . ھېلىقى نەشىكەش ئوغرى ...ھەي... شۇمۇ گەپمۇ.

ئەتىسى مەنمۇ ساقال ـ بورۇتۇمنى قىرىپ رەۋرۇس كىيىنىپتىمەن . قەمەر خانىممۇ پوزۇر ياسىنىپتۇ . ھەر ئىككىمىز بالدۇر كەپقاپتىمىز . ئۇ ياشلار خور ئۆمىكى بىلەن ئورۇنلار ئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان دوستلۇق ناخشىسىنى ياڭرىتىشقا بارماقچى ئىدى . مۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىدۇ ، تەۋەككەل ، بىر كۈچۈكلىنىپ باقمايمۇ . ھېيىقىشمۇ يادىمدىن چىقىپتۇ . ئاستا ـ ئاستا تۈجۈپلەپ دەسسەپ بېرىپ قۇيرۇق شىپاڭشىتتىم:

— تۇۋا ، سىلىمۇ بۇ ، بەك چىرايلىقلىشىپ كېتىپلىغۇ ؛ ئارمىيە ئېلى «قىز دېگەن شۇندىق چىرايلىق بولامدۇ ، ئايالنى ئاي تۇغامدۇ ؟» دېيىشكەن ، ئايمۇ ئۆزى ، قاش ـ كۆزلىرى ، يۈز ـ مەڭىزلىرى سويغان تۇخۇم ، خۇددى قىزغۇچ ئانار پوستى...

ئۇ بويىنىدا شاپتۇل قاقتى .

مەن تاپىنىمنى لىكىلدىتتىم: — ماۋۇ كېيىملىرى شۇندىق يارىشىماسمۇ ، ئاۋۇ ئۈزۈك ، ھالقا ، مارجان ... ئۆزلىرى تېخى خوشپىچىم . ھەي! ...ھەي...

ئۇنىڭ قىنىغا بۇرۇلۇشىدىن ئارلن زۇۋان چىقتى:

— چىرايلىق كۆرۈنۈپتىمەنمۇ ؟

— ھەممە ئادەم قېرىپ كېتىۋاتىدۇ، سىلى بارغانسېرى ياشىرىپ كېتىۋادىلا جۇمۇ .

— ياشارسام بولماپتىمۇ ؟

— ياق ـ ياق ، كۈنسېرى پۇرەكلەپ ئېچىلىۋاتىلا ، سىلى بۇ ئىقلىمنىڭ گۈزىلى .

ئۇ بىر تىزىنى بۇشاتتى:

— ئەمدى بىلدىلىمۇ تېخى؟

— نېمىشقا بىلمەيمەن ، بىلىمەن . ئەمدى ، خانىم ...دەماللىقچە ، كىشىمۇ ...سەل ...

— ئۇ باتنىغاندەك قاش سىلكىدى:

— قويسىلا سىلىنى .

شۇنچىلىك دېيىشكىنىمىزگە شۈكرى ، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتكىلى بولمىدى . قاچان يەنە بىر سۆزلەشكىلى بولار، ھەر نېمە بولسا پۇرسەت مېنى ئۆزۈنغا ساقلاتمىدى .

توي مەشرىپى ئىكەن . ۋېچىركىسى چوڭ باغچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ . قايسى زەردارنىڭ تويىكىن ، چۈشتىن كېيىن لاغايلاپ كېلىپ ، باغچىنىڭ بىلىتىنى ئېلىپ ساپتىمەن . ئۇ تەرەپتىكى شىپاڭدىن نەغمە ـ ناۋانىڭ ئەۋجى كۆتىرىلىۋاتاتتى . ئۇيان ـ بۇياندا كىشىلەر سەيلى ـ تاماشا قىلىپ يۈرەتتى . مەن ياۋايى ھايۋاناتلار قەپەزلىرىگە زەن سېلىپ كېلىۋېتىپ ، ئەشۇ نەغمى ـ ناۋاغا يېقىن بېرىپ قالدىم ؛ ئەتراپ تارام ـ تارام كېسىشمە يول ، نەپىس نەقىشلىك سالاسۇن، زېمىنگە سۇ سەپكەن چەۋىق تاللىق ئىدى . تاغ قۇشقىچى ، سېرىق قۇشقاچ ، غورۇلاي ، سېغىزخان ، قۇرغۇي ، جاغالمان ، قوڭۇر باش بېلىقچى ، قىرغاۋۇل ، ئاغمىخان ، تېيىن ، تۈلكە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇچالىق ، چاپارلىق خىللىرى رەت ـ رېتى بىلەن بىلگەن ئاھاڭغا ۋىچىرلىشاتتى ، خىخىرىشاتتى . قولۇم قىچىشىپ قالغاندەك چىترەك تورنىڭ بىر يېرىنى كىتىرلىتىپتىمەن . مەن تۇتقان جاي

تۇيۇقسىز شاق قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭدىن بىر جۈپ غورتۇلۇك ئۇلاينىڭ بىرى ئۇدۇلدىكى بۆكلۈككە ئۇچۇپ كەتتى. كىرىپ قاپتىكەن، دېگىلى بولاتتىمۇ، ئەمدى قانداق قىلىم. ھېلىقى ئېچىلغان يەرنى بىر نېمىگە ئېلىپ قويۇپلا، ئۈستىدە بامبۇك ـ قومۇشلۇق ئىككى سومكا تۇرغان باشقا بىر سايىۋەنلىك ئورۇندۇققا قاچتىم. ئەسيادىمنى تېپىپ بولغىچە ھايۋانات، قۇشلارغا قارايدىغان ئادەم ئالەمنى مالىم قىلغىلى تۇردى. قورقۇنۇچتا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئورۇندۇقتىكى سومكىلارغا يېپىشىپتىمەن. سومكىلارنىڭ بىرى ئالاھىدە ياۋا مەھسۇلات جىغان، ئىككىنچىسى كۆك سۇلتان ئىكەن. باققۇچى بارغانسېرى يېقىن سۈرمە سېلىپ كېلىۋاتىدۇ، كۆك سۇلتاندىن ئەمدى تېخى بىر ـ ئىككىنى ئېلىشىمغا، ھېلىقى مەشرەپ قايىنىۋاتقان ياقتىكى قايرىلما بۇلۇڭدىن بىرسى غىل ـ پال ئۆتكەندەك قىلدى.

— ۋاي ... بۇ كىم؟! ...

ئۆزۈمنى تۇيماستىن دىرىڭگىدە چۆچۈپ ئۇنىڭ ئاغزىنى كاپ تۇتتۇم. قەمەر خانىم ئىكەنغۇ! ... دىرىلدەپ تۇرىۋاتىمەن، يۈرىكىم پوك ـ پوك، پۇت ـ قولۇمدا جان يوق:

— مەن ... مەن، خانىم، بۇ مەن، — مەن شۇ تۇتقانچە ئۇنى سەۋدايىلاردەك ئۇ يانغىرلىق ئېلىپ ماڭدىم. بىرسى كۆرسىتىپ قويمىغان چېغى، ھايۋاناتلارغا قارىغۇچى بىزنى ناشايان مۇھەببەتلىشىۋېتىپتۇ دەپ بىلدى بولغاي، مېنى تاپالماستىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپلا جىددىلىپ كېتىۋەردى. خانىمنى قويۇۋېتىشىمگە شۇ گەپ ئېسىمگە يېتىپتۇ:

— كۆردىلىمۇ بۇ ئەھۋالىمنى! ... ئۇنداق قىلمىسىلا، خانىم...

خانىم ئەجەبلەندى ۋە ئۆزىنى كەينىگىرەك تارتتى. شۇ بىر نەچچە دەقىقە مەن ئۈچۈن نېمە دېگەن دەھشەت. شۇ زامان ئېسىمگە كېلىپ كۆز ئالدىمدىكى ئەھۋالدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. خانىمنىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولىۋاتاتتى. ھېلىقى ئالدىنقى گەپ شۇنداقمۇ ئوبدان ئېسىمگە يېتىپتىكەن، ئۆزۈمنى دەررۇ شۇ بۇرۇلۇشقا ئاتتىم:

— گېپىم بار ئىدى، خانىم. ھېچ دېيەلمىدىم ... مەن سىلىنى ساقلاپ تۇرغان.

خانىم يېقىنىراق سىلجىدى. ئۇنىڭدىكى ھەيرانلىق ئويناق تەبەسسۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندەك ئىدى.

— مۇھىم گەپمىدى؟

— مۇھىم گەپ ئىدى.

— ۋوي ... تىترەپ كېتىۋاتىلىغۇ؟

— بولالمىدىم، خانىم، كۆيدۈرۈپ مۇنداق تۈگەتمىسىلە مېنى.

— نېمە بولدى سىلىگە، قىزىق گەپ قىلىلىغۇ؟

— قىزىق گەپ ئەمەس، خانىم، ئۇنىسىلىچۇ، بىھوش قىلماي كىشىنى!

خانىم كۈلدى. كۆزى ئېيتىپ تۇرسىمۇ ئىقرار قىلمايۋاتاتتى. كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا رىلسا سىنچىلىدى:

— سىلى ئويۇن بىلەملا تېخى؟

— بىلمىمىز، خانىم، يېرىلىپ بەرمەي بىكار ... ئەمدى چىداپ بولالمىدىم...

ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن دېيىشىپ باراڭلىق ياندام دالدىغا كىلىپ قالدۇق. خانىم تەسىرلەندى بولغاي قولاق تۈۋىمنى گۈزۈپ قاتتىق بىرنى سۆيدى. ۋاھ ... ساماغا چىقتىم. شۇنداق ئاغىنىلەر، كېيىنكىسىنى دېيىشنىڭ ئورنى يوق. ھازىر رەڭگى ـ روھىم يامان ئەمەس. قەدرى ـ ئېتىۋارىم مۇشۇكەن. ئېرى كېتىدۇ. تەييارلىققا كىرىشمەكچىدۇق، ماڭاي دەپ تۇرسام، سىلەر كېپقالدىڭلار، دېيىدىغان گەپ ئەمەستى بۇ، بىر كىمگە تىنىپ سالماڭلا.

ئۇنىڭ پەشۋاسى تۈگىدى. غاپپار ـــ ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئۈمچۈيۈپ قويۇشتۇق. ئارىنى جىمجىتلىق باستى، غاپپار توساتتىن ئىككى قولىنى ئىككى تىزىغا پاق قىلىپ مۇشتلاپ چىچاڭشىپ كەتتى.

— ئەستەغپىرۇللا! ... مەن نېمىشقا بۇ ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتمىدىم؟!

چۈنكى ئۇمۇ مۇشۇ باشلىق تەرىپىدىن قوغلۇنۇپ باشقا بىر جايغا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى.

ئاپتور: (كىبرىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



تىكنى سەكرەتكەن پوردىقى.

www.uyghurkitap.com



# تور

(ھېكايە)

ئابدۇقادىر سادىر

ئۇ، ھوشسىز ئىدى. ئۈستىگە يېپىلغان ئاپئاق يوتقان ئىچىدە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. بېشى قاتمۇ- قات بېنت بىلەن تېڭىلغان. بۇرنىنىڭ ئىككىلا تۆشۈكىگە ئوكسىگېن شلانكىسى كىرگۈزۈپ قويۇلغانىدى. ئوكسىگېن تۇڭىنىڭ بېشىدىكى ئىستېرىللىق كۆرسەتكۈچنىڭ بوش- بوش ئېغىشىدىن ئۇنىڭ نەپەسلىنىۋاتقىنى — ۋۇجۇدىدا تېخى ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇدلىقىنى قىياس ئەتمىسە، ئۆلۈك- تىرىكلىكىگە دەماللىققا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئەشۇنداق ئىمتاسلىق ئىچىدە يېتىۋاتقىنىغا قىرىق توققۇز سائەت بولغانىدى. دوختۇر، سېستىرالار ۋە بىمارنىڭ ئاتا- ئانىسىمۇ ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. لېكىن ئۇ، ئاللا بۇرۇن قېتىپ كەتكەن مۇردىدەك ئۈمىدلەر چىرىغىنى خىرەلەشتۈرۈپ، بىر خىلدا ياتاتتى.

جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالاھىدە ياتىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغانىدى. ئارا تېمى يوغان دېرىزە بىلەن ئايرىلغان يان بۆلۈمدىكى نۆۋەتچى سېستىرا قەدەمدە بىر كىرىپ- چىقىپ تۇراتتى. بىمار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇنىڭ سىڭلىسى كارىۋات يېنىدىن ئايرىلماي قارىشىۋاتاتتى ئۇ، گويا ئۇخلاپ قالسىلا ئاكىسىنىڭ تىنىقىنى مەڭگۈ ئاڭلىيالماي قالىدىغاندەك، مۇشۇنداق ئولتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى تۇتۇپ تۇرماقچى بولىۋاتقاندەك، ئەندىشىدىن چۆچۈپ- چۆچۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭمۇ كۆز يۇممىغىنىغا توپتوغرا قىرىق توققۇز سائەت بولغانىدى.

ئەمما، ئىككىنچى كېچىسى ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتلىرىنى كۈۋەجەپ بېسىپ كەلگەن ئۇيقۇ قىيانى يۇتۇپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا، ئاكىسى ياتقان كارىۋاتنىڭ قىرىغا بېشىنى قويغىنىچە ئۇيقىغا كېتىپ قالغانىدى. قىزنىڭ ئۆزىگە چوڭقۇر سۆيگۈ، چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان شەھلا كۆزىدە ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقنىڭ ئەكسى بار ئىدى. غۇنچە بويى، سەرۋىدەك قامىتى جانغا بىر دەستە ئوتنى تەڭلەپ تۇراتتى. بۇ، بىمارنىڭ قاچاندۇر بىر چاغلاردا قىزنىڭ ئۆز چۈشىدە كۆرگەن سىماسى ئىدى. ئۇ، قىزنى ئەشۇ سىما بىلەن خاتىرلەيتتى. ئەشۇ سىما بىلەن سېغىناتتى. «ئەنە، ئەشۇ مېنىڭ سۆيگىنىم بولىدۇ —زېكرى قىلدى بىمارنىڭ دىلى، —مەن ئۇنى سۆيەتتىم. چىن دىلىم بىلەن كۆيەتتىم ئۇمۇ ماڭا ئوتلۇق مېھرىنى، ساپ مۇھەببىتىنى بەرگەنىدى . بىز...بىز تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشمەكچى



شائىر مەمەت ئەيسا قۇربان ئاكا، تېنىڭىزگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىڭىزگە بەرىكەت تىلەيمىز.

ئىدۇق. مەن ئەشۇ ئارماننىڭ ھامىلىقىدا ئىشكتىن چىققان ئىدىم. لېكىن، ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ ئەجەب، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايمەنغۇ؟ ئۇ كېلىپ بولالمىغان بولسا، كۈتۈپ تۇرىۋاتامدىكىن ـ يە؟ ...»

بىمار ئەشۇ قاغىشتەككۇر «لېكىن» نىڭ بېرىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەشۇ نېمجان خاتىرىسىدە قىز بىلەن تۇنجى تونۇشقاندىن كېيىنكى مۇھەببەتلىشىشتىن، توي قىلىشقا پۈتۈشۈشكىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن شېرىن دەملەرنىڭ يارقىن كارتىنىلىرى يۈرەك بېغىغا ئويۇلغان، سۆيگۈ ئابىدىسىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇ، بايا كۈچى يەتمىگەن ـ ھالقىپ ئۆتەلمىگەن «لېكىن» نى تاشلاپ، ئەشۇ يارقىن سەھىپىلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

بىمار قەلبىنى ئىگىلەپ ياتقان ئەشۇ ساھىپجامال ئۇنىڭغا تولىمۇ تاسادىپ يولۇقتى بۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئالامەت ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوقۇشلىرىنى تۈگىتىپ، مۇستەقىل ھاياتقا قەدەم باسقان، مۇھىمى، مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرى ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىش ئىچىدە كېتىۋاتقان يىگىت ئۈچۈن بۇ، بىر ياخشى باشلىنىش ئىدى.

...ئون تۆت ئاي ئىلگىرىكى ياز كېچىسى. تۈن نىسبىدىن ئۆتكەن چاغ. يىگىت ئاخشام سائەت سەككىزدىن بېرى كومپيۇتېرى ئالدىدا مىقتەك قادىلىپ ئولتۇراتتى. كومپيۇتېر ۋە شامالدۇرغۇچنىڭ سۇسقىنە شىرىقىرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ خاس ھۇجرىسى جىمجىت ئىدى. (ئۇ بويتاق بولغاچقا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە تۇراتتى) ئۇ، توردىن ئاللا نېمىلەرنى ئىزدەيتتى. ئوڭ قولى توختىماستىن مائۇس چېكەتتى. ھېلى ئۇ يەرنى، ھېلى بۇ يەرنى ئېچىپ، ئىزدىگەن نېمىسىنى تاپالماي جىلى بولاتتى. ئەلبەتتە، پۈتكۈل مەشغۇلاتىنىڭ تۆتتىن ئۈچى تەۋەككۈلىسىغا ـ تەخمىنى قىياس بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئىزدەۋاتقان يېرىنى ئاسانلىقچە تاپالمايتتى.

چۈنكى بۇ يىگىتنىڭ «ئىنتېرنېت» قا يېڭىدىن يۈزلەنگەن، توردىن ئىبارەت بۇ سېھرىي دۇنياغا زور قىزىقىش ئىچىدە قاراۋاتقان چاغلىرى ئىدى. كەسپىي بىلىمىنىڭ يۈزەكىي تۆپىلىدىن، تور دۇنياسىدىكى كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن «كارامەت» لەرنىڭ ئۈچ ـ چېكى يوق جاڭگىلىدا تەمتىرەپلا يۈرەتتى. ئۇنىڭدىكى بىرسى بىرسىدىن تارتىشلىق ئۇچۇرلار ـــ رەڭگارەڭ ئويۇن ـ تاماشىلار، يەنە ئاللا بىر ناچار نەرسىلەرنىڭ قايسىسىنى كۆرۈش، قايسىسىنى كۆرمەسلىكنى ئويلانمايلا، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە دوقۇرۇپ يۈرىۋاتاتتى.

شۇنداق بولۇشىغا باقماي، چېكىملىك ۋەيا ئىچىملىككە خۇمار بولۇپ قالغاندەك، ئەشۇ سېھرى دۇنياغا خۇمار بولۇپ قالغانىدى. تورغا بىر كىرىدىمۇ، بولدى، شۇ ئولتۇرۇشىدا، نە تائام، نە ئۇيقۇ ـ ئارام ئېسىگە كەلمەيتتى. ئېكرانغا مىقتەك قادالغان كۆزلىرى ئېچىشىپ، قاراقلىرىنىڭ چېڭقىلىپ كەتكىنى؛ چېكىلىرىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقىنى بىلەن چاتىقى يوق ئىدى. ۋاقىتنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختىغىنىنى تۇيمايتتى.

ئەنە شۇ كۈنىمۇ شۇنداق بولۇشقا ئاز ـ ئازلا قالغانىدى. دەل شۇ چاغدا، كاللىسىنىڭ نەرىدۇر، بىر يېرىدە خۇددى، ئىشىك قوڭ-

www.uyghurkitap.com



غېرىقىنىڭ ساداسىدەك بىر سىگنال «جىرىڭگىدە!» قىلىپ قالدى. كۆز ئالدى، ياق، ئۇنىڭ بايىقى جىلى بولىشىدىن خىرەلىشىشكە باشلىغان كۆڭۈل تۆرىدە «ۋاللىدە» قىلىپ بىر چىراغ ياندى! ئېكراندا ئۇ ئىزدىگەن نەرسە -ئۇنىڭ قارىشىچە «ھەقىقىي تۇرمۇش كارتىنىلىرى» دەپ تەرىپلىنىدىغان كۆرۈنۈشلەر بۆرتۈپ چىققانىدى.

—پاھ كارامەت كۆرۈنۈشكەنغۇ—بۇ؟ —دېدى ئۇ، ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلاپ،— ئاچقان كۆڭۈلنىڭ پەيزى مانا مۇشۇ يەرلىردە! ئېسىت، ئېسىت ...تورغا بالدۇرراق كىرىشسەم، قانۇنىيەتلىرىنى بالدۇرراق ئىگىلىۋالسام بولۇپتىكەن؟ تالاي ۋاقىتلىرىم نەدىكى بىر ئويۇنلارنى ئويناش بىلەن ئۆتۈپتۇ. توردىكى مول، رەڭگا-رەڭ دۇنياغا كۆڭۈلۇشمەپتىمەن...

ئۇنىڭ قالغان خىياللىرىنى باشقا بىر مەنزىرە يۇتۇپ كەتتى. ئۇ كۆرەتتى، كۆلەتتى، ھاياجانلىناتتى. شەھۋەت سېزىملىرى ئۇرغۇپ، قانلىرى كەۋجەيتتى. بۇ تور نەئەھلىلىرىنىڭ نىگان-نىگاندا قويۇپ بېرىدىغان ھايۋانى كۆرۈنىشلىرىنىڭ شەيداسى بولۇپ كېلىۋاتقان بىر نادانىنىڭ تەلۋىلەرچە ھاياجىنى، بۇزۇلىۋاتقان روھىنىڭ خەس ئۇستىدىكى پىلدىرلىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەبىي ھېسلىرى تازا قوتراۋاتقان بىر دەقىقىدە، بايىقى «پەيزىلىك» كۆرۈنۈشلەر بىردىنلا غۇۋالىشىپ، ئاستا-ئاستا يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا يوغان-يوغان ئۇندەش بەلگىلىرى قويۇلغان بىر نەچچە قۇر ئېنگلىزچە خەت پەيدا بولدى.

—ئۇھ نېمە ئىش بۇ؟ —دەپقالدى يىگىت لەۋلىرىنى چىڭگىدە چىشلىگىنىچە،— تازا پەيزى يېرى چىقىشقا باشلىمۋېدى... كومپيۇتېرىمدىن چاتاق چىقتىمۇ—يە؟

يىگىت، ساغلام بولمىغان بۇ ئۇچۇرنىڭ تور نازارەتچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغىنىنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، بايىقى جاينى قانچە قىلىپمۇ تاپالمىدى. ئەمما، كومپيۇتېرى ئالدىدىن قوپقىسىمۇ كەلمىدى. ئۇ، توختىماي «ئۇچۇر» ئىزدەيتتى. بىر كەمدە، ھېلىلا ئاچقان بىر بەتكە «ھەي، سىز كىممۇ؟» دېگەن بىر ئۇچۇر پەيدا بولدى. بۇ، ئۇنىڭ ئۇقۇشماي كىرىپ قالغان نەملۇم بىرسىنىڭ تور ئادرېسى ئىدى

ۋۇي! —دېدى ئۇ سەل قىزىقىپ، بىرسى ماڭا گەپ قىلىۋاتامدۇ-يا، تاسادىپ كېلىپ قالغان ئۇچۇرمۇ-بۇ؟ يىگىت ھېلىقى «سىز كىممۇ؟» دېگەن سوراققا قاراپ، بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئېكراندا شۇ بىر سوراقتىن باشقا سۆز يوق ئىدى. «قېنى، بىر جاۋاب بېرىپ باقمايمۇ؟» ئۇ، ئالدىراش ھالدا يېزىشقا باشلىدى:

—سىز ئۆزىڭىز كىممۇ؟

—مەن بىر قىز بالا، —جاۋاب بەردى قارشى تەرەپ.

ئۇ، «قىز» دېگەن خەتنى كۆرۈپ، يېڭىباشتىن روھلىنىپ كەتتى، «ۋاھ قىزلار بىلەن توردا تونۇشۇش، توردا سۆزلىشىش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك-ھە؟ ئۇنى بىر ئامالLاپ تۇتۇپ قالاي. ئېپى كەلسە، كەلتۈرىۋالىمەنغۇ -تېخى...» يىگىت شۇ تەمەنىڭ تۈرتكىسىدە دەرھال جاۋاب يازدى:

—ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇپ قېلىشىمىزغا مۇمكىن بولارمۇ؟

—مەنمۇ سىزنى شۇ مەقسەتتە ئىزدىسەم ئەمەسمۇ؟

—راستما؟ مېنىڭ ئادرېسىمغا ئۇقۇشـ

ماي كىرىپ قالغانسىز ھەر قاچان؟

— 6051 دېگەن سىزنىڭ ئادرېسىڭىز-دۇر؟ ئىسمىڭىزنىڭ مۇرات ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەن تېخى. بۇلار خاتا ئەمەسدۇر؟

ئۇ، نۆۋەتتىكى ئۇچۇردا «ئادرېس بىلەن ئىسمىمنى قانداق بىلىسىز؟» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، گوپپىدە بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ توختاپ قالدى. چۈنكى، ئۇ، بىر ئايلارچە ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئادرېسى ۋە ئىسمىنى تارقىتىپ، مۇشۇ ئادرېس بويىچە ئۇچۇر قايتۇرغان ھەر قانداق كىشى بىلەن دوستلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ، ئۇچۇر تارقاتقاندىن كېيىن بىر ـ ئىككى ھەپتىگىچە ھەر كۈنى كۈتكەن. ھەر كۈنى ئۈمىدلىنىپ يۈرگەن. ئاردا ھېچكىم ئۇچۇر قايتۇرمىغاچقا بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى، بىر ئاي ئۆتكەندە بىر قىزنىڭ دىققىتىگە ئېرىشىپتۇ. قارىغاندا، ئۇنىڭغىمۇ ئامەت يۈزلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ.

— ھوي، گەپ قىلمايسىزغۇ؟ پۇشايمان قىلىۋاتامسىز ـ يە؟ — قارشى تەرەپ ئۇنى سۆيلىدى.

— ياق، ياق! ھاياجانلىنىۋاتىمەن. مېنى ئىزدىگەنلىكىڭىزدىن خۇش بولىۋاتىمەن. شۇ تاپتا، ئىسمىڭىزنى بەك بىلگۈم بار ئىدى.

— ئىسمىم ئايبۇلاق.

«ئايبۇلاق! — ئۇنلۇك ئوقۇدى يىگىت (ئەجەب ئۆزگىچە)، بىر ئىسمىكەنا بۇ؟ ئىسمى شۇنداق بولسا، ئۆزى قانچىلىك گۈزەلكىن؟»

— ئىسمىڭىزمۇ ئۆزىڭىزدەكلا گۈزەلكەن — جۇمۇ؟

— بىز كۆرۈشۈپ باقمىغان تۇرساق، مېنىڭ گۈزەل ـ گۈزەل ئەمەسلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

يىگىتكە قىز شۇ تاپتا قاقاھلاپ كۈلىۋاتقاندەك، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. دېمىسىمۇ ئۇ مەسخىرە قىلغۇدەك سۆز ئىدى. يىگىت قىزنىڭ ئىچىدە ئۆز خاتاسىنى مۇنداق تۈزەتتى:

— يۈرەك تۇيۇيدۇ ـ دە!

— ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئوتتۇشقا ھەجەپ ئۇستىكەنسىز ـ ھە؟ بوپتۇ. بىز دوستلىشىپ قالايلى.

«ھەجەپ قايىماقتەك گەپ قىلدا؟ — دېدى يىگىت ھاياجان ئىلكىدە، — قىز بالا دېگەن مۇزە ئۇ غورۇر، بۇ ئېپپەت دەپ يۈرمەي، مۇشۇنداق گېپى ئوچۇق، مەرد ـ مەردانە بولسا ئېست، توردا ئەمەس، يېنىمدا، مۇشۇ ئۆيۈمدە بولسىچۇ؟ ئۆزۈك ـ رۇخسارىڭ قانداقراق نېمىسەنكىن، كاساپەت...»

ئۇلارنىڭ تونۇشىشى مانا شۇنداق باشلاندى. قىزمۇ ۋەدىسىدە تۇرغانىدى. ئۇنى ھەر ئاخشىمى ئىزدەپ تۇردى. ياكى يىگىت ئىزدىگەن، چاقىرغان ھامان ئۇنىڭ ئېكرانىدا پەيدا بولدى. كۆپ ئۆتمەي بۇ تونۇشۇش دوستلۇقتىن ھالقىپ، مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىغا كىرىپ كەتتى.

تور دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەنلا ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ ئىنتىزارلىققا تولغان قەلب كۆزنەكلىرى ئەنە شۇ يوسۇندا ئېچىلاتتى ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەمدىكى ئالاقىلار تور تېلېفونى ئارقىلىق بولىۋاتقاچقا، ھېسسىياتلار تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى. توردىكى ئالاقىلار ئەمدى ئىشقى ـ مۇھەببەت، ئېنتىزارلىق ۋە سەۋدايىلارچە سېغىنىش جۈملىسىدە كېتىپ باراتتى. گەرچە ئۇلار شۇ چاغ-

قىچە بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ، دىدارلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەشۇ يېپىق دۇنيانىڭ رېئاللىقىغا كۆنۈپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم تورغا چىقىشقىنىدا، گويا قايسىبىر رېستوران، قايسىبىر چايخانىدا روبىرو ئولتۇرۇپ سىردىشىۋاتقاندەك لەززەتلىك ھايات قاينىمىدا بىمالال يايراپ كېلىشەتتى. ئەمدىكى سۆھبەتلەرنىڭ ئورامى، شەكىللىرى ئۆزگىرىپ، ھېسسىياتلىرى تىرەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى:

—سالام قەدىرلىكىم!

—سالام ئەتىرگۈلۈم!

قىز تولىمۇ شوخ، ئوچۇق كۆڭۈل، شېرىن سۆخەن ئىدى. شېرىن سۆخەنلىكتە بۇلبۇلغا پار كېلەتتى. كاككۇكنى داغدا قويۇپ، شاھتۇتنى ھەيرەتكە سالاتتى. ئۆزىگە بولغان ئوتتەك يالقۇنلۇق مۇھەببىتى، قايناق سۆيگۈسى، ئىللىق مۇئامىلىسى ئالدىدا ئاشىقنىڭ (ئەمدى ئۇنى «ئاشىق» دەپ ئاتايمىز) ۋۇجۇدى ئېرىگەن سىمابتەك ئاشىقى-بىقارار قەلبىنىڭ چاڭقاق ئېتىزلىرىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئۇ ھامان، شەيدائى مۇھەببەتنىڭ ساماۋى لەززىتىدىن خۇشكەيىپ ئىدى. ئەشۇ لەزىز خۇشكەيىپلىك ئۇنىڭ سېھىرلەنگەن روھىنى ئەرشئەلادا سەيىر ئەتكۈزەتتى.

ئۇنىڭ، ئەشۇ گۈزەل، ئوماق دىلرەبا بىلەن مۇھەببەت ئېقىنىدا ئېقىشىپ يۈرگىنىگە بىر يىل ئىككى ئاي بولغانىدى. قۇتلۇق ئامەت، شېرىن مۇھەببەتنىڭ مەستلىكىدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كەتكەن ئەشۇ ئون تۆت ئاي داۋامىدا ئۇ دىل سۆيگەن بۇ مەشۇقى بىلەن دائىم بىللە ئىدى. تەڭرى ئاتا قىلغان ھەربىر قۇتلۇق كۈنىنىڭ، ھەر كۈنكى كەچ سائەت 7 يا، 8دىن كېيىنكى دەملىرى ئۇلارغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ «ئالتۇن ۋاقتى» دېيىشەتتى. دەل، مانا شۇ قەدىرلىك «ئالتۇن ۋاقىت» تا بىر-بىرىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ قەلب تارلىرى ئۆز ئارا چېتىلاتتى. ئۇنى، ھاۋايى-مۇئەللەقكە چېچىۋېتىلگەن «ئىنتېرنېت» نىڭ خاسىيەتلىك ئېلېكترون دولقۇنلىرى تۇتاشتۇرۇپ قوياتتى. ئاندىن، «جۈپتار» نىڭ سېھىرلىك كۈيلىرى باشلىناتتى.

—6051، سىز بارمۇ؟

—بولمامتىكى!؟ سىز ئايبۇلاقما؟

—6051 نى ئىزدەيدىغان يەنە بىرى بارمىدى؟

—نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز؟ سىز ئىكەنلىكىڭىزنى يۈرۈكۈم تۇيغاچقا، شۇنداق دېدىم-دە!

—ئون بەش مىنۇت ئالدىدا كەلسەم، يوققۇ سىز؟

—ۋاقىت تېخى توشماپتىكەن. كېلىشكەن ۋاقىتتا كېلەي دەپتىمەن. رەنجىپ قالدىڭىزما؟

—رەنجىپقۇ قالمىدىم. سېغىنىش ئارام بەرمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟

ئۇچرىشىش مانا شۇنداق باشلىنىپ، قەلب سىرلىرى ئاستا-ئاستا تۆكۈلۈشكە باشلايتتى. پاراڭ چوڭقۇرلاشقانسېرى ئىزگۇ تىلەكلەر، شېرىن ۋەدىلەر، يۈرەكنى سەگىتكۈچى رومانتىك ھېسسىياتلاردىن قۇرۇلغان سۆيگۈ ئالىمىنىڭ ئالتۇن كېمىسىدە يەر شارىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ كېتىشەتتى. ئىشىق ۋادىسىنىڭ ساماۋى بوستانلىرىغا چۈشۈپ قانغىچە ئويىنىشاتتى. مۇڭ-كۈيلىرىنى قانغىچە تۆكۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئەشۇ دەقىق-


ژۇرنىلىمىز ئەدىبلەرنىڭ بەيگە مەيدانى، گۈز باسارلارنىڭ يوقىرى ئۆرلەش شوتىسىدۇر.

لەردىكى سۆھبەت ـ مۇلاقەتلىرىگە بۇ ئالەمدىكى ھېچنىمە: ئۆيمۇ، ئادەملەرمۇ، تالانىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىمۇ كاشىلا قىلالمايتتى. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇلار جەم بولغان تىنچ مۇھىتنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئالەمدە پەقەت ئىككىسىلا باردەك بىخارامان، مۇلاقەتتە بولاتتى. نېمە دېيىشكىسى كەلسە شۇنى دەيتتى. يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇشتا تىلغا ئېلىشتىن قىينىلىدىغان، بىۋاسىتە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان سۆزلەرمۇ توسالغۇسىز چىقىۋېرەتتى. ئوي ـ خىيال، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى بىمالال بىلدۈرۈشەلەيتتى.

ئاشىق خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئاقلىغاندەك دېدى:

— نېمىسىنى دەيسىز؟ ئەشۇ قاملاشمىغان كاماندىرۇپكىنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ سىرتتا قونۇپ قالغان بىر كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگىنىمنى بىلمەيسىز. توۋا دەيمەن، سىرتقى جاينىڭ كېچىسى شۇنداق ئۇزۇن بولامدىكى؟

—تۈنۈگۈن بۇ يەرنىڭ كېچىسىمۇ شۇنداق ئۇزۇن بولدى. ھېلى سائەتكە قارايمەن ھېلى دېرىزىگە. كۆزۈمگە چېكىتچە ئۇيقۇ كىرسىچۇ؟

—ئايبۇلاق، ئەشۇ تاڭ ئاتماس ئۇزۇن كېچىلەرنى قىسقارتقىلى بولماسمۇ؟

—قاقداقسىگە دەيسىز؟

—توي بىلەنچۇ؟ ئەمدى توي قىلايلى، جېنىم! ئۇزۇن كېچىلەر بىزگە تۆشەك بولسۇن ئەمدى!

—مۇشۇ كەمدە ئەجەب، رومانتىك گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ كەتتىڭىزا قاراڭ، مۇرات، مېنىڭمۇ ھازىرلا تويىمىزنى قىلىپ، يېنىڭىزغا كەتكۈم بار. لېكىن، ھازىرچە ئامالىم يوق ئەمەسمۇ؟

—نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ —يىگىت سەل تېرىككەندەك بولدى، —نە ۋاققىچە كاككۇك ـ زەينەپ بولۇپ يۈرۈيمىز؟ ئېيتىڭا، ئايبۇلاق، نېمىشكە ئامالىڭىز يوق؟

—بۇنى ھازىرچە دېيەلمەيمەن. بېشىمدا قاتتىق كۈن بار مېنىڭ. ئەھۋالىم ياخشىلانغاندا بىر گەپ بولسۇن. بولامدۇ؟

«توي قىلىشقا توسقۇن بولغىدەك قانداق قاتتىق كۈنكىنە ـ بۇ؟» دېدى يىگىت ئىچىدە. لېكىن، دەماللىققا ئۇنىڭ سەۋەبىنى پەرەز قىلالمىدى. كوچىلاپ سوراشتىن ئوڭايسىزلاندى.

كۈنلەر يەنە بىرخىل ئۆتۈشكە باشلىدى. يىگىت كۆڭلىدە سەل نارازى بولۇپ تۇرىۋاتسىمۇ، ئۇنىڭدىن قېيداپ ۋە يا تەلىپىمگە قوشۇلمىدىڭ دەپ تەتۈر قاراپ، ئۇنى ئۈركىتىپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. ھازىرچە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىسىمۇ، گۈزەل رۇخسارىنى كۆرۈشكە تېخىچە مۇۋەپپەق بولالمايۋاتسىمۇ چىداپ كېلەتتى.

چۈنكى يىگىت ئۇنىڭغا سەۋدايىلارچە ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن تور يۈزىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ گويا شەھرىزادنىڭ مىڭ كېچىگە سوزۇلغان تۈگىمەس چۆچەكلىرىدەك، جاننى سەگىتكۈچى ئارامبەخش سۆھبىتىدىن مەھرۇم قالسا بولمايتتى. ئۇ، ئەنە شۇ شېرىن ـ شېكەر ئىشىق كۈيلىرىگە مەھلىيا ئىدى. ئۇ، ئەشۇ پاراڭ، ئەشۇ ئوتلۇق كۈيلەر ئىچىدە بولسىمۇ ياشىشى، ئۈمىد بوستانىنى ياشارتىپ تۇرىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. كېيىنچە ئۇ مۇشۇ تورمۇشقا كۆنۈپ كەتتى. قىزمۇ ئۇنى تاشلىۋەتمىدى.

www.uyghurkitap.com



شۇ كۈنلەردە، يىگىت ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك، تولىمۇ تەلەيلىك ھېسابلايتتى. خۇسۇسەن، ئېلېكتر ئېقىمىنىڭ ئەۋجىدە بەرپا قىلىنغان يېڭىچە مۇھەببەتتىن قالتىس سۆيىنەتتى. ئۆزىچە، دۇنياغا پەۋقۇلئاددە ئۆزگىچە بىر مۇھەببەتلىشىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغاندەك پەخىرلىنىپ كېتەتتى.

بەزىدە بۇخىل ھېسسىيات بىخلىرى گۈرۈردە شاخ ـ پۇتاق چىقىرىپ، سەلتەنەتلىك بىر دەرەخكە ئايلىناتتى ـ دە، ئۇ، ئۆزىدىن ـ ئۆز كەڭلىكىدىن چىقىپ كېتەتتى: «ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن ئۇدۇم قالغان ھېلىقى كونا قۇراق مۇھەببەتلەر دېگەن نېمە ـ ئۇ؟ ۋاقتى ئۆتتى. مودىدىن قالدى ئۇنداق مۇھەببەتلەشىشلەر. خەير، تويىمىزنىغۇ مۇشۇ زېمىندا ئۆتكۈزەرمىز. بۇ تۇنجى توي بولغاندىكىن شۇنداق قىلمايمۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رايىمغا باقمايمۇ بولمايدۇ. ئەمما، خۇدا بۇيرىسا، تۇنجى بالىمىز ئالەم بوشلۇقىدا تۇغۇلۇپ قالارمىكىن؟ ئۇ چاغدا، بىزنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى كۆرۈپ قويىدۇ، بۇ يەر شارى!

راست تېخى، مېنى ھېلىغىچە مازاق قىلىشىپ :« ھەي مۇراتباي، يېشىڭ مانچىگە باردى. خوتۇن ـ پوتۇن تاپمامسەن ئەمدى؟ قارىغىنە، بىزنىڭ مانچىدىن بالىمىز بولدى ...دېيىشىدىغان گۇيلار ئۇ چاغدا نېمە دېيىشەركىن؟ ئاچقان ئېغىزىنى يۇمالماي قالىدۇ ـ ھە قاچان. ئۆزلىرىچە: توۋا، ما ئاداشنىڭ مۇھەببىتىنى؟ ھەجەپ، بىزمۇ مۇھەببەت تۇتتۇق، توي قىلىپ بالىمىز بولدى، دەپ يۇرۇپتىمىز! —دېيىشمىگىنىنى كۆرەي. بەلكىم، بىزنىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرىمىزدىن نەچچە قىسىملىق فىلىملەر ئىشلىنىپ كېتەر...»

يىگىت ئۆزىنىڭ بۇ «يېڭىچە» مۇھەببەت يولىدىن ئەنە شۇنداق سۆيىنىپ يۈرۈۋەردى. ئەمما ئۇ، ئەشۇ خىل سەۋدايى مۇھەببەت تورىنىڭ ئاسارىتىدە ئەقىلدىن ئېزىۋاتقىنىنى، كاللىسىدىن كېتەي دەپ قالغىنىنى تۇيمايتتى.

قىش باشلاندى. يانۋارنىڭ سوغىقى تازا ئۇچىغا چىقتى. ئىككى كۈندىن بېرى قار توختىماي يېغىۋاتاتتى. سىرتتا شىۋىرغان ھۇشقىرتاتتى. قار توزۇندىلىرى پىرقىراپ ئۇچاتتى. ئۆيدە بولسا، مەشكە لىقلاپ قويۇۋېتىلگەن كۆمۈرنىڭ تەپتىدىن يىگىت راھەتتە ئىدى. ئۇ، ئانىسى بايىلا ئەكىرىپ بەرگەن تامىقىنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپ، ئادىتى بويىچە كومپيۇتېر كۇنۇپكىلىرىنى بۇراشقا باشلىدى. مەشۇقى ئۇنى ئاللا بۇرۇنلا ساقلاپ تۇرغانىدى.

—سىزنى ساقلاۋاتقىنىمغا نېكەم؟ ئەجەپ تەقەززا قىلدىڭىزا —ئادەمنى؟ —ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن رەنجىگەندەك بىرخىل ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. ئاشىق سەل جىددىيلەشتى. ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، خېجىللىق ئىچىدە جاۋاب بەردى:

—خاپا بولماڭ، سەل ھايالشىپ قاپتىمەن. كېچىدىن قانداقراق ئۇخلاپسىز؟ —بۇ ئۇنىڭ ھەر كۈرۈشكەندە ئېيتىدىغان ئادەت سۆزى ئىدى. ئۇنى بىرەر قېتىم دېيەلمەي قالسا، كېيىنكى گەپلىرىنى زادىلا قولاشمايۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ «مۇشۇ گېپىم ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئاچىمەن، ھەقىقىي گېپىنى سوغۇرىۋالىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئەپسۇسكى، شاتۇتىغا ئوخشاش ھەركۈنى بىر تەرىزدە تەكرار-

يازغۇچى ئەنۋەر تاشتۆمۈر، «قەلب ئەركىسى» ناملىق رومانىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

لىنىدىغان بۇ ئەبجەق سۆزدىن قارشى تەرەپ بىزار ئىدى. بىزار بولسىمۇ، زېرىكىپ-تېرىكسىمۇ، جاۋاب بەرمىسە، بەرگەندىمۇ ئاشىقنىڭ قەلب قىيىقىنى ھاياجان ئۇپقىنىدا لەيلىتىۋەتمىسە بولمايتتى.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — دەپ باشلاندى مەشۇقىنىڭ جاۋابى، — تۈن بويى سىزنىلا چۈشەپ چىقتىم-دە!؟

— قېنى، قانداق چۈشەپسىز؟ ئېيتىڭا، ئاڭلاپ باقاي.

— ئېيتسام يۈرىكىڭىزنى يېرىۋالارسىزمىكىن؟

— تېزراق ئېيتىڭا، تەقەززا قىلماي!

— چۈشۈمدىچۇ، تويىمىز بوپتىمىدەك. ۋاي-ۋۇي! ئۇنىڭ داغدۇغىسىنى دېمەيسىز تېخى!

بۇ، ئاشىق ئۈچۈن راستتىنلا يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىدەك ياخشى خەۋەر ئىدى.

— راست دەۋاتامسىز؟ بىزنىڭ تويىمىز بولدىما؟ ئەمدى بىز رەسمىي ئەر-خوتۇن بولدۇقما؟!

— ھەي، ئەخمەق! ئۇ دېگەن چۈش. چۈشۈمنى دەپ بېرىۋاتىمەنمۇ سىزگە.

يىگىتنىڭ چاپچىپ كەتكەن روھى لەسسىدە چۈشۈپ كەتتى. مەشۇقى خېلىغىچە كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن سادا قايتمىغاچقا نۆۋەتتىكى سۆزنى يەنە مەشۇقىنىڭ ئۆزى ئالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۈگۈن ئاشىقىغا دېيىدىغان يەنە بىر ھەقىقىي «مۇھىم» گېپى بار ئىدى. ئۇنى دېمىسە بولمايتتى. شۇ گەپنى دېيىشنىڭ مۆھلىتى بۈگۈن كەلگەنىدى.

— ھوي، گەپ قىلمايسىزغۇ؟ مەن ھەقىقىي مۇھىم گەپنى تېخى دېمىدىم جۇمۇ؟

ئاشىقتا «ھەي، ئەخمەق، ئۇ دېگەن چۈش» دېگەن ئىشۇ گەپ ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىدى. كېيىنكى سۆز بىلەن ئۇ يېڭىۋاشتىن ئۈمىدلەندى.

— ھە قاچان، يەنە شۇ چۈشنىڭ داۋامىدۇ؟ ماڭا...

قىز ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا ئۆز ئۇچۇرىنى كىرگۈزۈشكە باشلىدى:

— سىزگە ئېيتسام، توي ۋاختىمىزمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ. ئۆيدىكىلەر: «ئەتىيازلىققا تويۇڭلارنى قىلىۋېتىلى» دېدى.

— ئاھ، پەرىشتەم! ئاخىرى، ئاچقان يەرگە بارغىدەك گەپتىن بىرنى قىلدىڭىز-دە؟! مانا، خۇشخەۋەر دېسە، شۇنى دېسە بولىدۇ!

شۇ گەپلەردىن كېيىن، مەشۇق ئۇدا ئۈچ ئاخشام كۆرۈنمەي قويدى. بۇ ئۈچ ئاخشام ئاشىق ئۈچۈن شۇنداق ئۇزۇن، شۇنداق مەشئۇملۇق ئاخشاملار بولدىكى، ئۇ، ھىجران ئازابىدىن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدى. ئۈچ كۈنگىچە گېلىدىن لوقما ئۆتمىدى. ئىش-كاردىن، ئۇيقۇ-ئارامدىن قالدى. ھىجران چۆلىدە ئاداشقان سەۋدايىدەك، بىقارارلىق مەنزىلىدە قايمۇقۇپ يۈردى. سۇدىن ئايرىلغان بېلىقجاندەك چاك-چاك چاڭقىدى. ئۇ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزەي دېگەندە، مەشۇقىنىڭ سىگناللىرى يەنە پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئۇ تېلېفون ئىشلەتكەنىدى.

— ۋەي! بارمۇ-سىز؟

— سىزگە نېمە بولدى ئايبۇلاق؟ شۇنچە ئۇزۇنمۇ يوقاپ كېتەمسىز؟ مېنى ئۆلتۈرەي دەمسىز-يە!؟

— خاپا بولماڭ، مۇرات. مېنىڭ مۇنداق

ئۆتكەمدىن ئۆتۈپ، غەلۋىردە توختاپتۇ.

قىلغۇم يوق ئىدى. لېكىن، ئاپام تۇيۇقسىز دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىپ، سىزنى غەمدە قويغان ئەشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە، دوختۇرخانىدا بولۇپ قالدىم.

—نېمە، ئاپىڭىز ئاغرىقمىدى؟

—ئاغرىپ ياتقىلى بىر يىلچە بولغان دەڭە.

—ئەجەپ، ماڭا تېنىپمۇ قويماپتىكەنسىز!؟ ھېچ بولمىسا يوقلاپ بارار ئىدىم.

—سىزنى مالال بولمىسۇن دېپتىمەن. ئەمما، ئېسىڭىزدە بارمىكىن، بىر قېتىم سىز توي تەلىپىنى قويغاندا، «بېشىمدا قاتتىق كۈن بار، ئەھۋالىم ياخشىلانغاندا بىر گەپ بولسۇن» دېگەنىدىمغۇ؟ مانا شۇ «قاتتىق كۈن» ئاپام كېسىلىنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقى ئىدى. مانا ئەمدى —...قىزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشلىرى بوغۇلۇپ قالدى. تېلېفوندىن مىشىلداپ يىغلىغان تېۋۇش ئاڭلاندى.

—ۋەي، ۋەي ئايبۇلاق! ئېيتىڭا، نېمە ئىش بولدى؟ ئاپىڭىز —ئۇ...

—بىز بىلمەپتۇق، ئاپامنىڭ جىگىرىدە ئۆسمە بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ھازىر بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولىۋاتىدۇ.

—ۋاي خۇدايىم، يامان بوپتىغۇ!؟

—شۇنداق، يامان بولدى. دوختۇرغا 10—15 مىڭ سومدەك پۇل كەتكىدەك. شۇ تاپتا، ھەممىمىزنىڭ بېشىدا پۇل غېمى...

—غەم قىلماڭ، ئايبۇلاق. مەنمۇ ئامالىنى قىلىشاي.

—ۋىيەي، سىزنى جۇۋاتسام قانداق بولىدۇ؟ قويۇڭ، ئۆزىمىز...

—نېمە دەۋاتىسىز؟ مەنمۇ تىرىك ئادەم جۇمۇلڭ؟ يوق دېگەندىمۇ قولۇمدىن 5 ـ 6 مىڭ سوم چىقىدۇ مېنىڭ.

يىگىت ئىككىلەنمەيلا بەش ـ ئالتە مىڭ سومغا مەيدە قاقتى. ئۇ، توي گېپىنى ئاڭلىمىغان بولسا، سەل ئىككىلەنگەن ۋىيا پۇل گېپىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەنمۇ بولاردى. لېكىن، ھېلىقى، ئەتىيازلىقتا بولىدىغان توي خەۋىرى ئۇنى شۇنداق مەرت، شۇنداق سېخى، ۋاپادارلىقتا ئۇندىپ تۇراتتى. يىگىت ئەشۇ ھالدا پۇل ئەمەس، جېنىنىڭ لازىم دېسىمۇ ئىككى يېنىغا قارىمايلا ئىسسىق جېنىنى مەشۇقىنىڭ ئالدىغا قويغىدەك روھتا ئىدى.

—ئېيتىڭا، پۇلنى قاچان، قەيەرگە ئاپىرىپ بېرەي؟ غەم قىلماڭ، كەم قىسمىغا يەنە ئامال قىلىمەن.

—ۋىيەي، ئادەمنى بەكمۇ خىجىل قىلىدىكەنسىز. سىزنى ئاۋارە قىلمىسام بولاتتى ...مەيلى ئەمىسە، ماڭا بىر چوڭ ياردەم قىلىدىغان بولدىڭىز. ئۇنداقتا —...قىز نېمىدۇر بىر گەپنى ئېيتىشقا قىسىلىۋاتقاندەك كىچىككىنە تۇرىۋېلىپ داۋام قىلدى، —ئۇنداقتا، يېنىڭىزغا بىرسىنى ئەۋەتەيمۇ؟

—ھە، — شۇنداق قىلىڭ. ئاڭغىچە، مەن ئامال قىلىپ قوياي.

يىگىت ئەتىسى قىزنىڭ «تاغىسى» غا تۇتقۇزغان يەتتە مىڭ سومنىڭ ئۆزىگە تەگكەنلىك خەۋىرىنى شۇ كۈنى كەچتە ئاڭلىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، قىزدىن يەنە بىر خۇش خەۋەر كەلدى. ئۇلار ئەمدى رەسمىي يۈز كۆرۈشىدىغان بولغانىدى. يىگىتكە ئەشۇ مىنۇتتىن باشلاپ يەنە بىر ئۇلۇش جان كىردى. قەلب دالاسىغا بىر دەريانىڭ سۈيى لۆمشىپ كەلدى. نەچچە ۋاقىتتىن

ھېرى چاك ـ چاك ئېتىلىپ كەتكەن قېقىرتالڭ باغرى «شۇررىدە» قاندى. يۈرىكىدە سۆيگۈ چىمەنلىرى كۆكىرىپ، دىل ئېتىزى رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرگە تولدى. گۈل بەرگىدە بۇلبۇللار قانات قاقتى. «ئەتە كەچ سائەت تۆتتە ئاق بۇلۇت رېستورانىدا كۆرىشىمىز» توختىماي يادلايتتى يىگىت ئەشۇ بىر سۆزنى.

شۇ كېچىسى ئاشىق ئاجايىپ بىر چۈشكە نائىل بولدى. ئۇنىڭ يېرىمى چۈش، داۋامى رېئاللىق ئىدى. يىگىت دەسلەپ ئۆزىنى «سەنەمنىڭ چاھار بېغىدىمەن» دېگىنىدەك ۋە «سەنەمجانىم كەلمەكچىدى» دەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن گۈل ئۈزۈپ دەستە تىزىۋاتقىدەك. شۇ ئەسنادا، ئۇ، چوغدەك يالتىراپ تۇرغان بىر تال ئەترىگۈلنى ئۈزەي دەپ تۇرىشىغا، گۈل خۇددى، توكقا ئوخشاش «ۋاللىدە» يېنىپ، ئارقىدىنلا مەشۇقىغا ئايلىنىپ قالغىدەك.

—ۋۇي، بۇ سىزمۇ؟ — دېگىدەك يىگىت ھاياجانلىنىپ.

—ھەئە، مەن. — قىز ناز بىلەن يۈزىنى لېچەكلىرى دالدىسىغا يوشۇرۇپ دېگىدەك، —سىزنى بەك تەقەززا قىلىۋەتتىممۇ؟

—شۇنداق بولدى. لېكىن، ئاخىرى دىدارىڭىزنى كۆردۇم.

—يارىتامدىكەنسىز؟ —قىز «لىپ» قىلىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگۇدەك. يىگىتنىڭ كۆزلىرى قاماشقىدەك. يۈرىكى گۈلدۈرلەپ، كۆكرەك دېۋارىغا ئۆزىنى ئۇرغىدەك.

—ن... نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئىسمىڭىزغا ئوخشاشلا «ئاي» نىڭ ئۆزىكەنسىز ـ ئەمەسمۇ؟ بىراق، ئەمدى بۇلۇتلار تېگىگە سوقۇنۇپ يۈرمەڭ.

—ئەمىسە قېيەرگە سوقۇنىمەن؟ ئاي دېگەن بۇلۇتلارنىڭ توسىۋېلىشىدىن خالىي ئەمەسكەن —ئەينا؟

—مانا، مېنىڭ قوينۇمغا كىرىۋېلىڭ، قوينۇمغا ...

ئاشىق قوينىنى يوغان ئاچقىدەك. قىز ئۇنىڭ باغرىغا «موككىدە» كىرىپ كەتكىدەك.

—ۋايجان! چوغ ئىكەنسىزغۇ ـ چوغ!

ئاشىق تۇۋلىغان پېتى ئويغىنىپ كەتتى. ئۆيدە چىراغ يېنىقلىق ئىدى. ئاشىق مەيدىسىنىڭ يېرىمىنى ئېچىۋېتىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇ، يېرىم ئۇيقۇلۇق ئىچىدە كۆزلىرىنى زورىغا ئېچىپ، راستىنلا كۆكسىنىڭ تۇتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۆي كۆپكۆك ئىسقا توشۇپ كەتكەنىدى. ئاچچىقىدىن دەم ئالغىلى بولمايتتى.

ئاشىق قېقىلىپ يۆتەلگەن پېتى ئاۋۋال ئۈستىدىكى تۇتەپ تۇرغان يوتقاننى پولغا چۆرىۋەتتى. ئاندىن، دەس تۇرۇپ يەرگە چۈشتى. شۇ دەقىق، پولغا تاشلانغان يوتقان «گۈپ» قىلىپ ئوت ئېلىپ كەتتى.

ئىشلار بارغانسېرى ۋەھىمىلىك تۈسكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. يىگىت مەڭدەپ تۇرسىمۇ، يەنە مەلۇم سەزگۈلىرى ئويغاق ئىدى. ئۇ، ئىككى تاقلاپلا بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، كۆيىۋاتقان يوتقاننىڭ ئۈستىگە قۇيدى. ئوت ئۆچتى.

«نېمە ئالامەت بۇ!؟ —دەپ قالدى ئاشىق ساراسىمە ئىچىدە، —ئەجەپ، بۇ يوتقان كۆيۈپ كېتىپتا!؟ تۇۋا بۇ قىزنىڭ ئوتى ھەقىقەتەن يامانكەن، دېسە! بابا كۆكسۈمنى كۆيدۈرگىدەك قىلىۋېدى، چۈشۈمكەن دېسەم،

ئەجەپ بۇ يوتقان...ۋايىيەي! چۈشۈمدە بۇنچە-لىك كۆيدۈرگىلى تۇرسا، ئوڭۈمدا نېمە بو-لۇپ كېتەر؟...»

ئاشىق شۇنداق ئويلىدى. ئەمما، ئاخشام ئەتىكى يۈز كۆرۈشۈشنىڭ خۇشاللىقىدا ئىك-كى رومكا قېقىۋەتكىنى، ئاندىن يوتقىنىدا ئۇنىڭ بىلەن خىيالەن سۆزلەشكەچ تاماكو چېكىپ ياتقىنى، شۇ يېتىشىدا كۆزى ئۇيقىغا كېتىپ، قولىدىكى يېرىملاشقان تاماكۇنىڭ يوتقىنى ئۈستىدىلا قالغىنىنى خىيالىغىمۇ يولاتمايتتى.

مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ كۆرگەن چۈشنىڭ خېيرلىك بولمىغىنىنى بىلەنمۇ، يوتقىنىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى بىلەنمۇ ھې-سابلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا «ئاي» نىڭ سىيماسى، كۆڭلىدە تۇنجى ئۇچ-رىشىشنىڭ تەقەززاسى جۇش ئۇراتتى. ئەشۇ ئوت، ئەشۇ سىيما ئۇنى ھەدەپ ئۆز قوينىغا چىللايتتى. ئارمانلىرىغا رەڭ بېرىپ جۇلالى-تاتتى. ئۈمىد پىلىكىنى پەرلەپ چاقنىتاتتى.

ئاشىق يوتقان كۆيۈندىسىنى پۈرلەپ بىر ئەسكى يەشىككە تىقىۋەتكەندىن كېيىن سا-ئەتكە قارىدى. ئەشقا بارىدىغان ۋاقىتتىن ئون بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ، ناشتا قىلىشقىمۇ قارىماي موتۇسىكلىتىنى سۆرەپ تالاغا چىقتى. چىقتى ـ يۇ «ئاپلا!» دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى. كېچىدىن يەنە قار ياغقانىدى. يوللار قېلىن قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتاتتى. ئۆگزە ـ لاپاسلار، دەل ـ دەرەخلەر ئاق پۇر-كۈنچە ئاستىدا دۈگدىيىپ تۇراتتى. ئۇ موتو-سىكلىتىغا مىنىپ، ئېھتىيات بىلەن كە-شىلەر ئايىقىدا ئېچىلغان بىر چىغىرغا چۈ-شۈپ، خوتنى بىر بالداق يۇقىرىلاتتى...

ئاشىقنىڭ سائىتى شۇ كۈنى تولىمۇ ئاستا مېڭىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ ئىشلەۋې-تىپ قەدەمدە بىر سائەتكە قارايتتى. «سا-ئىتىم كېيىن قالدىمىكىن؟» دەپ، ئۇنىڭ-دىن ـ بۇنىڭدىن ۋاقىتنى سورايتتى. چۈش-تىن كېيىنكى سائەت ئۈچكە يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئىشخانا مۇدىرى جىددىي يىغىن چىقىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قالدى. ئا-شىقنىڭ بېشىدىن كىرگەن بىر قوقاس تاپى-نىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

«ئەتىدىن بىرى نەدە قالغان بولغىيدى ـ بۇ يىغىن؟ ـ غودىرىدى ئۇ، ئىچىدە،« ـ ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىمىزغا بىر سائەتلا قالغان تۇرسا، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ كېچىكسەم، ئۇ كېتىپ قالارمۇ؟ تازا بىر ئىش بولغىلى قوپتى ـ دە!...»

يىغىن ئىشتىن چۈشۈشكە يېرىم سائەت قالغاندا تۈگىدى. «بۇ چاغقا ـ دېدى ئاشىق سولاشقان پېتى يىغىندىن چىقىۋېتىپ، ـ ساقلاپ ـ ساقلاپ كېتىپ بولدى بەلكىم. ئا-ران تاپقان بۇ پۇرسەتمۇ كېتىپ قالدى ـ دە... ئۇ، شۇنداق ئويلىدى ـ يۇ، يەنە تۇرۇپ، ـ ياق ...ئۇ كۆرۈشۈشنى ئۆزى ئېيتقان. چوقۇم ساقلايدۇ» دەپ ئىشەندى ۋە موتۇسىكلىتىنى «گۈر!» قىلىپ ئوت ئالدۇردى. ماينى كۆچەپ باستى.

يوللار ئەتىگەندىن بىرى چىڭدىلىپ ئەي-نەكتەك قېتىپ كەتكەنىدى. موتوسىكلىت سىلىق قار قاتمىسى ئۈستىدە پات ـ پات قى-يىپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ، ۋەدىلەشكەن يەرگە ئالدىرىغىنىدىن موتوسىكلىتنى بولۇشىغا چاپتۇرماقچى بولاتتى. ئالىمادىس، «پارتتىدە» تىيىلىپ ئوڭدىسىغا چۈشۈشىنىمۇ، بىرەر-


ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ ئەسىر ئۆتەكەن، مەسلىھەت بەرگەن دوستلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

سىنى سوقىۋېتىپ قېلىشىنىمۇ خىيالىغا يولاتمايتتى. پەقەت، «ئۇ كېتىپ قالغىچە بىررىۋالسام بولاتتى» دېگەن بىرلا خىيالغا بەنت ئىدى. موتوسىكىلىت ئۇچاتتى. سوغۇق شامال نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. قۇلىقى، بۇرنىنىڭ ئۇچى پېژىلداپ كۆيۈشەتتى، توڭۇپ كەتكىنىدىن توختىماي تىترەيتتى.

يىراقتىن تۆت كوچا ئېغىزى كۆرۈندى. ئۇ، ئەشۇ يەردىن سولغا بۇرۇلۇپ بەش يۈز مېتىرچە ماڭسا، «ئاق بۇلۇت رېستورانى» غا يېتىدۇ. ئامىتى قاچمىغانلا بولسا، مەشۇقى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ. راست، ئۇنىڭ رۇخسارى، ھۆسنى ـ جامالى ئاشىقىنىڭ چۈشىدە كۆرگىنى بىلەن ئوخشاشمىكىن؟ يا، ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىقمىكىن؟ «چوقۇم، ئۇنىڭدىنمۇ ئۈز، ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بىر پەرى ـ ئۇ! — دېدى ئۇنىڭ قەلب تىللىرى سۆزگە كېلىپ، — چۈنكى ئۇ، ‹ئايبۇلاق ئەمەسمۇ؟ لەۋلىرى گىلاستەك، ئىككى مەڭزى توغاچتەك، كۆزلىرى ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقتەك، غۇنچە بويى بىر تۇتام...»

ئۇنىڭ خىياللىرى شۇ يەرگە كەلگەندە تۆت كوچىدىن سولغا بۇرۇلدى. بۇرۇلدىيۇ، ئېغىر پۈشقۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ يوغان گەۋدىسى كۆزلىرىگە تىقىلدى ... «رولنى بۇرا!» دەپ خىتاب قىلدى نېرۋىلىرى. ئەمما، موتوسىكلىتى ماشىنىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدى...

تەخمىنەن 15 — 20 مىنۇتلاردىن كېيىن بۇ يەرگە ۋېلسىپىت يېتىلىۋالغان 35 — 40 ياشلاردىكى دارازا كەلگەن، ئاقپىشماققىنە بىر ئەر پەيدا بولدى. ئۇ، ۋەقە مەيدانىنى تەكشۈرىۋاتقان ساقچىلارنىڭ ئارىسىدىن بويۇنداپ، قار ئاستىدا قانغا بويىلىپ ياتقان ئاشىقنى قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارشىدا ئېچىنىشىقىمۇ، مەسخىرىگىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر ئىپادە بار ئىدى. ئۇ، ئاشىقنىڭ ئۈستىدىكى مېغىز رەڭ خىرۇم چاپانغا قاراپ: «شۇ ئىكەن ـ دە!» دەپ قويدى. ئەسلىدە ئۇ، ئاشىقنىڭ «ئاق بۇلۇت» قا قانداق كىرىدىغىنىنى، «مەشۇقى» نى قانداق «تاپىدىغىنى» نى، مۇھىمى، ئۇنىڭ قانداقراق يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەن ئىدى.

جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالاھىدە خانىسى سۈكۈتكە چۆككەنىدى. بىمارنىڭ بېشىدا ئاتا ـ ئانا، سىڭلىسى يۈرەكزادە بولۇپ تۇرۇشاتتى. ھەممىسىنىڭ كۆزى، قۇلىقى، پۈتۈن سەزگۈلىرى دوختۇرنىڭ ھەرىكىتىدە ئىدى. بىمارنىڭ جېنى ئۇنىڭ ئەشۇ قوللىرىغا باغلاقلىقتەك، ئۇنىڭغا چېكىتتەك تىكىلىپ تۇراتتى. دوختۇر بىمار كۆكسىدىكى تىڭشىغۇچنى ئاستاغىنە ئېلىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس بېشىنى چايقىدى.

— دوختۇر، بالام — ... ئانا ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن نەزەر بىلەن دوختۇرغا تەلمۈردى. دوختۇر يەنە بىر قېتىم بېشىنى چايقىدى.

— ئانا، ئا ... ئاكام ئۈتۈپ كېتىپتۇ

— نېمە؟ ئۈتۈپ كېتىپتۇ؟ ۋاي دادام بالام جېنىم غوجام — ... ئانا ھۇ تارتقان بويى ئۇنىڭغا تاشلاندى. دادا بولسا

— سۇ ...سۇ تېمىتايلى ـ دېگىنىچە تومپۇچكا ئۈستىگە قول ئۇزاتتى.

(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدا)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



ساقالغا يېقىپ بۇرۇت، سوپۇنغا يېقىپ مۇرۇت.

# نەسرلەر

ئۆمەر مەنسۇرى قۇيچار

## تەمبۇر ئۇنلىسە...

تەمبۇر ئۇنلىسە زېمىن ئەستىلىكلەر باغرىدىن تارىخنىڭ قولىغا ئالتۇن ئۇزۇكنى تاقاپ، مۇھەببەت دولقۇنىدا تەنها قېيىقتا ئايلىنىدۇ. چوغلانغان ئېتەكلەر تارلارنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىدا تۇندىكى گۇلخاندەك يېلىنجايدىۇ، ھايات جىمجىتلىق ئىچىدە غالىبەتچىلىكنىڭ يېڭى بىر كۈيىگە تۇماندەك ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كېتىدۇ.

تەمبۇر ساداسىدا ئارمانلار ئېرىپ، ئىزتىراپلىق ناخشىغا ئايلىنىدۇ. يۇلتۇزلار تۈن پەرىشتىلىرى ئارىسىدا توي كىيىمى كىيىپ، بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلىدۇ. روھىمىز يەر كۆكىدە ئۈمىلەپ، ئۇھسىنىدۇ. دۇنيا گويا بىر تىجىمەل خوتۇندەك شەپىسىزلا ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

تەمبۇر يىغلىسا ئۆز تىلى بىلەن،
دەردىنى چۈشەنمەس سوغۇق شامااللار.

تەمبۇر ئۇنىدە كۆزنىڭ شامىلى نەي چالىدۇ. مىسكىنلىكتىن سارغىيىشقا باشلىغان ياپراقلىرى ئۇلغۇيىۋاتقان گۈگۈمگە قاراپ ئېغىلغا قايتقان قوي پادىسىدەك ئۆز ئۇۋىسىغا تۆكۈلىدۇ. قىرو گۈللىرىنىڭ بەرق ئۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ئورمانلار يالىڭاچلىنىدۇ.

تەمبۇر ساداسى ياڭرىغاندا كېچە شەبنەملىرى ياش تۆكۈدۈيۇ، ئەگىز بولۇپ ئاقالمايدۇ. سۇبھىدەم تاڭ سەھەرنىڭ نۇرلۇق قۇياشىغا لەۋ ياقالمايدۇ.

تەمبۇر جاراڭلىسا ...زۇۋانسىز سايلەر ئۇخلاپ قالىدۇ.

تەمبۇر جاراڭلىسا ئەركەك قېنىدا،
بۆركۈتنىڭ كۆزىدە مېۋىلەر ۋەتەن.

تەمبۇر جاراڭلىسا غالىپ ئۈمىدتە، ئەقىدە گۈللىرى گۈپۈلدەپ تۇرغان پۇراقلىرى بىلەن دىماغقا ئۇرۇلىدۇ. يۈرىكىم بولۇق ئۆسكەن مايسىلارغا ئايلىنىدۇ.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيىلىك 1 ئوتتۇرىدا)

مۇتەللىپ ئىقبال

## مۇھەببەت مونولوگلىرى

(1)

ئەتراپىڭغا باق، جېنىم، سەن ياخشى كۆرىدىغان باھار پەسلى شامااللىرىنىڭ لېۋىگە ئوتقاشتەك تەبەسسۇم ئاتا قىلىپ يېڭى بىر ھاياتلىقنىڭ تۆرىلىشىگە تەنتەنە قىلماقتا. ئۇپۇق قوينىدا شادلىق ھېسلىرىنىڭ مەبۇدىغا ئايلانغان قۇياش بەرىكەتلىك نۇرلىرى ئارقىلىق جىمى مەۋجۇداتنى ئىللىق سىلىماقتا، كۆكلەم تۇسىگە كىرگەن تەبەسسۇم ئۈنچىلىرىدىن مارجان تىزماقتا...

ئەتراپىڭغا باق، جېنىم، يۇمرانغىنا بىخلار سېنىڭ نەزەر تاشلىشىڭغا موھتاج.

ئۇنىڭدا باھار پەسلىنىڭ چىنلىقىغا ئىنتىزار كۆزلەر گۈللەردەك ئېچىلىشنى كۈتمەكتە. كۈتۈشكە ئايلانغان دەقىقىلەر سەن تامان ئۇزىماقتا.

ئەتراپىڭغا باق، جېنىم، مۇھەببەت ئالىمىڭگە چىرايلىق كارتىنىلارنى سىزغۇچى بوياقلار ھامان باھار پەسلىنىڭ رەڭدارلىقىدىن ئەنداز ئالغان. سېنى قۇچاقلاشقا تەييار تۇرىۋاتقىنى مەڭگۈ سولماس باھارلىق بىر دۇنيا. قەدەملىرى تەبەسسۇمغا ئايلانغان يالقۇنلۇق ۋۇجۇد. ئۇ سېنىڭ بۇ يەردە ئەبەدى ئۆچمەس سۆيگۈ ئوتلىرىڭنى يالقۇنجىتىپ، ھاياتلىقىڭنى مۇھەببەت ھارارەتلىرى ئارقىلىق مەڭگۈلۈك باھارغا ئايلاندۇرۇشقا تەقەززا.

ئەتراپىڭغا باق، جېنىم...

(2)

ھاياجاندا شادلىق يېشىڭنى تۆكمە دىلبىرىم. گەرچە بىز ھىجران پەسلىنىڭ سوغۇق سۆيۈشلىرىدىن يۇلقۇنۇپ مەڭگۈلۈك كۈتىۋاتقان ۋىسال لەززىتىگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، سېنىڭ ھارارەتلىرىڭ ھەر جايغا چېچىلغان. مەن ئۇنىڭدىن مۇھەببىتىنىڭ مەڭگۈلۈك مەنالىرىنى ئىلغا قىلغان، ئەنسىز يوللاردا كېتىۋېتىپ، مۇقەددەس ئىسمىڭنى زىكرى قىلغانمەن. يۇلتۇزلار سېنىڭ ئۇنسىز تىللىرىڭدا ماڭا لەرزان ناخشا ئېيتىپ بەردى. سەن قەدەم تەشرىپ قىلغان يوللار ماڭا سېنىڭ ئەپسانىلىرىڭنى تولۇق ئەسلەپ بەردى. مۆڭلۈق كېچىلەر ماڭا سۆيۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۇرسە، ھىلال ئاي سۆيۈشنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

مەرھەمىتىڭگە مۇيەسسەر بولۇش قىسمەتلىك قەلبىمنىڭ شەرىپىلا ئەمەس، مېنىڭ يەنە مەيىن شامالدا شىلدىرلاپ تۇرغان كۆپكۆك يوپۇرماقلارنىڭ سۆيگۈ قىسسىسى ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغۇم بار...

ھاياجاندا شاتلىق يېشىڭنى تۆكمە دىلبىرىم!

(3)

دىلبىرىم، سېنى خىيالىمدا چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىغىنىمدا ھەقىقەتەن سۆيگۈنىڭ ئۇلۇغۋار مەنىلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىمەن. ئارزۇ- ئىستەكلىرىمنى دىرھال ئالدىڭغا تۆكمەن- دە، باغرىڭدىن پاراغەت ئىزدەيمەن. قەلبىڭدىكى ئوتلۇق تىنىقلار مۇھەببەت گۈلخانلىرىنى بىر ئۆمۈر يالقۇنجىتالامدۇ- يوق ئۇ سېنىڭ ئىرادەڭگە، ھىممىتىڭگە باغلىق.

دىلبىرىم، سېنى چىن سۆيگۈسى بىلەن قۇچاقلاشقا تەييار تۇرىۋاتقان بىر ۋۇجۇدنى مۇھەببەت ئالىمىڭگە باشلاپ شادلىق قىرغاقلىرىغا مۇيەسسەر قىلىشنى خالامسەن؟

(4)

بىز ئارىمىزدىكى سۇس پىلىلداپ تۇرغان خىرە چۈشلىرىمىزنى سۇبھى قويىنىدىن تارتىۋالدۇق، يۇلتۇزلار ئۆچۈشكە باشلىغان ئەشۇ پەيت دەل بىزنىڭ ھىجران چۆللىرىگە باسقان قەدىمىمىزنىڭ تۇنجى شاھىدى بولۇپ قالدى.

يوللارنىڭ ئۇزاقلىقى ھەققىدە چۆچەكچى موماڭنىڭ بەرگەن تەبىرىگە ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. پەقەت تومۇرلىرىمنىڭ داۋالغۇشلىرىدىن ئۇن- تىنسىز سۈكۈتىمنىڭ ئۇرۇنسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بارا- بارا رەڭسىز

يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم (يوق).

بوشلۇققا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدىم شۇنداق، ئۇزۇندىن بېرى بىز چىقىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلغان قورغان ئاخىرى چېقىلدى.

شادلىق ئەپسانىسى هامان بىزنىڭ قارىمۇ قارشى سىزىقىمىزدا ئىكەن ئەمەسمۇ!؟

(5)

بىز يەنىلا مەڭگۈ ئۇچراشماس ئىككى سىزىق ئىكەنمىز، كېچە قوينىدىكى خىيالىي چۈشلەرلا سېنىڭ رىشتىڭنى مېنىڭ باغرىمغا چاتقان، مەن پەقەت چۈشلىرىمدىكى خىيالىي مەنزىرىلەر ئارقىلىقلا سەن بىلەن سىرداشقان، ساڭا ئۆز مۇھەببىتىمنى تەقدىم قىلغان ئىكەنمەن. ئەسلىدە سەن مېنىڭ هارارەتلىك قەلبىمگە ئوتقاشتەك تەبەسسۇملىرىڭ ئارقىلىق يېپيېڭى بىر دۇنيا بولۇپ سىزىلىش ئارقىلىق مېنى مەهلىيا قىلىپ كەپسەن. تاڭ پىچىرلاشلىرى هامان قۇلىقىمغا سېنىڭ بىر تاتلىق رىۋايەت ئىكەنلىكىڭنى سۆزلەپ تۇرسىمۇ، مەن بۇ چۈشنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئىدىم.

قوياش نۇر چېچىۋاتقاندا مېنىڭ بىردىن ـ بىر ئېرىشىدىغىنىم پەقەت شېرىن تەسەللى ۋە قۇرۇق ئارزۇ ئىكەن ئەمەسمۇ؟

(6)

مۇڭغا پاتقان چېغىڭدا تاتلىق تىللىرىڭدىن تۆكەلەيلا دەپ قالغان بىهېساب سوئاللارنىڭ قايىنىمىغا تاشلىنىمەن. سۆيگۈمىزنى گۈل بەرگلىرىگە ئوخشاتما، ئۇلارنىڭ كۈز پەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ سارغۇچ كارۋىنىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشى هەرگىزمۇ مۇهەببەتنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىگە بىشارەت بولالمايدۇ. سەن ئۇنىڭ ئۆز هاياتىغا تۈگىمەس مەزمۇنلارنى قوشىدىغانلىقىغا ئىشەن. سۆيگۈمىز هەرقاچان ئورمان ئاتەشلىرى ئىچىدە كۆيۈپ قۇشلاردەك خەندان ئۇرۇپ تاڭ سەهەرنىڭ يېنىك لەپىلدەۋاتقان قاناتلىرىدا ساقلىنىدۇ.

چۈنكى ئۇ يەردە بىزنىڭ شېرىن دەملىرىمىز تەۋەللۇت بولغان، يۇلتۇزلاردەك چاقناۋاتقان قارچۇقلىرىڭ ئىچرە هامان كۆيگەن ئەمەسمۇ، سەن توختاۋسىز ۋەسۋەسىلىرىڭ بىلەن تامچە يېشىڭنى قوشۇپ، تىترەڭگۈ قوللىرىڭ ئارقىلىق هېكمەت ئېتىمىزغا دەپىن قىلىۋەت.

ۋاقىت خازانلىرى هامان ئايىغىمىزغا باش قويىدۇ، ئەتراپتىكى تىترەۋاتقان بوشلۇقتىن قەلبىمىز گۈلخانلىرىنىڭ ئۇچقۇنى ۋاللىداپ چاقنايدۇ.

(7)

چىغىرسىمان دوقمۇشلاردا يوللارغا يېلىنما، نالە قىلما جېنىم! ئۇلار ساڭا هېسداشلىق قىلمايدۇ. تىترەپ چىققان ئاهۇ ـ پەريادلىرىڭ ئۇپۇقىچە يېتىپ باردى. يۈرىكىڭنىڭ كۆزىدىن هېسابسىز هارارەت ئېقىپ چىقماقتا، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ رەسسامى بول.

تەبىئىتىڭگە چىلاشقان تۇيغۇلار چوقۇم رېئاللىق مەڭزىدە نۇر بولۇپ قاتىدۇ!

(ئاپتور: قاراقاش ناهىيە كۆيا يېزا ئوتتۇرا قايغۇلۇق كەنتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



مۇهتەرەم ئابدۇقادىر مۇھەممەدى ئاكا، مۇبارەك تېنىڭىز سالامەت بولغاي!

ئابدۇللا سۇلايمان

# كۆڭۈل مونولوگلىرى

1

ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنى ئاز دەپ، مېنىڭ كۈتكەنلىرىم ئازمۇ؟
زېمىننىڭ تۆككىنى ئاز دەپ، مېنىڭ تۆككەنلىرىم ئازمۇ؟
خىيالىم ھاسىلى دەريا، تارامىم مەۋجىدە دۇنيا،
توپان سەھراسىدا سالپا ـ ساياق كۆچكەنلىرىم ئازمۇ؟
كېزىپ ئەرشىئەلانى ھەم، بولۇپ تەكىتسىرادا جەم،
يارالمىش لەۋھەسىگە مەسنەۋى پۈتكەنلىرىم ئازمۇ؟
تەلەي يۇلتۇزلىرىم ئاقتى، دېبان بەختىڭ ھامان تاقتى،
قاراپ قۇيرۇقسىمان نۇرغا، يېنىپ ـ ئۆچكەنلىرىم ئازمۇ؟
كېچىپ ئەچىمىشتە كۆپ قۇمدىن، تىنترىمەي گاھ چىقىپ رۇمدىن،
سەمەرقەند ئالمىسىدەك ھەر يانە چۈشكەنلىرىم ئازمۇ؟
سەۋەبنىڭ ئالىمى ھەر ئىش، تۇغۇمدىن خۇي ـ ئۇدۇم قالمىش،
ئۇدۇمسىزلىق بالاسىنى ئىچىپ سۆككەنلىرىم ئازمۇ؟
ئاۋامنىڭ ئارمىنىنى يەپ، تۇزۇپ روھىي زېمىندا سەپ،
قەلەم ئوقياسىدا توسقۇن ـ توساق بۆسكەنلىرىم ئازمۇ؟
غەيۇرلۇق بەرسە تىك تاغلار، نازاكەت بەردى گۈل باغلار،
سۆيۈلمەككە سۆيۈش قاينامىغا چۆككەنلىرىم ئازمۇ؟
ئۆزۈمنى ئۆز بىلىپ دائىم، ئىچىمدە ساقلىنىپ ئاھىم،
نى قىسمەتنى پسەنت ئەتمەي ياشاپ ئۆتكەنلىرىم ئازمۇ؟

2

ساداقەت باغىدا يەكتا ئېچىلغان چېھرى گۈلگۈن رەڭ،
ماڭا يەتتى سابادىن كەچ، سېنىڭ ھىجرانلىرىڭ ـ نالەڭ.
بۇ تۇپراقا چۈشۈپ نوھ كېمىسىدىن، سېنى ئۇچراتقان،
ۋۇجۇدۇمدا بىسۆگرە باشلانغان ئىدى سۆيگۈ ئۇچۇن زور جەڭ.
ساڭا تەسلىم بولۇپ كەتتى قەلب لەشكەرلىرىم ئاخىر،
بۇ سەۋدالىق جاھانىدا چاقنىغاچ روشەن گۈزەل غايەڭ.
ئېرىشتىڭ كۆپ يوقاتقاندىن كېيىن، كەچمىش بۇڭا شاھىد،
تۇرۇپتۇ مانا ئالدىمدا يارالمىش قىسسەسى — نامەڭ.

ئالاردا ئەۋۋزبىللا، بىرەردە ئەستاغپۇرۇللا.

تالاي توپان ئۆچۈردى ئىزلىرىڭنى، ئۆچمىدى ئېتىقاد،
ئوزۇق ئالغاچ ئۇنىڭدىن، سوختا ئۆسمەكتە گۇلۇڭ ـ لالەڭ.
سېنى جاندىن ئەزىزلەيمەن، شۇڭا كۆچمەس ئەقىدەم بار،
ئېڭىمدا زەر تەختكە تەققاسلىنۇر نۇرانە دىل خانەڭ.
سېنى كۆتمەكلىكىم پەرھىز، كۆتۈشكە تاقىتىم تاشتۇر،
سەبىرسىزلىك تومۇزىنى توسار كۆنلۈك بولۇپ سايەڭ.
گۇلۇستانىڭ قىلىپ سەيلى، بويىڭ پەيزىنى ئالغايمەن،
كۆزۈمنىڭ تۇتىياسىدۇر يولۇڭ — باسقان ئىزىڭ ـ پايەڭ.
ۋۇجۇدۇمغا ئوتۇڭ كىرگەن بولۇپ قان، قوشۇلۇپ جانغا،
ياشايمىز ياشلىنىپ شۇنداق، بۇ ئالەم بىرلە بىزلەر تەڭ.

3

دېمە چىن دوست، ئۇنىڭ كۆلگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان،
سېنىڭ شەنىڭ ئۈچۈن تۈزگەن مەرىكە ـ نەغمىسى يالغان.
بېقىپ بىرگە پادا، چاقتىڭ ياڭاقمۇ گاھى دەرقەمتە،
ۋەلىك پىنھانە كۆرسەتكەن ئۇنىڭ چەش ـ غەللىسى يالغان.
تىكەن كىرسە پۇتۇڭغا، ئۇ قولۇڭنى كوچىلاپ يۈردى،
ئازابىڭ يەڭگىشىگە ھەم كۆتەرگەن غەلۋىسى يالغان.
ھېمىشە ماي چېچىپ كەلدى سېنىڭ تاقەتلىرىڭگە ئۇ،
بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن بەرگەن چىدامى ـ سەۋرىسى يالغان.
سېنى ئالدىڭدا كۆپ ماختاپ، ئىزىڭغا كولىدى ئورا،
قولۇڭنى چىڭ سىقىپ، ئەگكەن ئۇنىڭ زور گەۋدىسى يالغان.
سېنىڭ بىر شەرىپىڭ قوزغار ئۇنىڭدا مىڭ ھەسەت، غەمنى،
تويۇڭغا كۆتىرىپ كەلگەن مۇبارەك زەللىسى يالغان.
سېنى جەڭگاھقا ئۈندەيدۇ، ئۆزى ئويلاپ چېكىنمەكنى،
ئەمەس قىلغانلىرى بىر جەڭ، چۇقاندۇر — زەربىسى يالغان.
ئوقۇش لازىم ئىدى باشتا تۇتۇپ ئوڭ، شۇ رىسالىنى،
ساداقەت بابىدا قىلغان ئۇنىڭ ۋەز ـ شەرھىسى يالغان.
ئىشەنچ قىلدىڭكى دوستۇڭغا، سامانلار تىقتى پوستۇڭغا،
ئۇنىڭ دوستلۇق ئۈچۈن راسلاپ ـ بېزەتكەن سەھنىسى يالغان.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

خوشمۇھەممەت مۇھەممەت

# ئىككى شېئىر

## ھايات بەكمۇ قىسقا ھېكايە

1

بۇ بىر كۈندۈز ئازابقا تەڭداش ،
چېۋىن كەبى كۆپتۈر خىياللار .
زېرىكىشلىك كۆڭلۈمنى چەيلەر ،
قان تۆكۈشتىن يانماس ئايالار .

گۈل بەرگىدە بىر ئۆلۈك ھەرە ،
چاقناپ ياتار مۇھەببەت ئىچرە .
يېزىپ قويدۇم تامغا ئامالسىز ،
ھايات بەكمۇ قىسقا ھېكايە .

2

ئېچىلىشنى گۈلنىڭ ئۇنتۇمتۇت ،
ساقلاپ تۇردۇم چەككەچ تاماكا .
قېچىپ كەتتى يېنىمدىكى قىز ،
چىدىيالماي يالغۇزلۇقۇمغا .

جىنازىدەك بىرلا جەسەد بار ،
ھازا ئاچتى قەلبىمدە ئازاب .
يازدىم سۇغا: رېئاللىق ھەر كۈن
مەغلۇپ بولۇپ يۈرگەن ئىنقىلاب .

3

بۇرۇتۇمغا تىزىپ چالمىلار ،
چاققۇم كېلەر ئەينەكلىرىڭنى .
ئۇن ئۈچ ياشلىق قىزنىڭ چېچىدا ،
ئاسقۇم كېلەر ئەركەكلىرىڭنى .

شەھەر ماڭا قاراپ ھىجايما ،
سەن چۆلدىكى ھاسامنىڭ ئىزى .
بارخانلارغا يازدىم مۇنداق خەت ،
ئەڭ مۇستەھكەم ئېتىقاد تېمى .

4

تويۇقسىزلار بۇگۈن سەھەردە ،
قارار قىلدىم ياشاۋېرىشكە .
بورانلاردا تاراندىم قايتا ،
يۆيۈندۇم ھەم گۈلخان ئىچىدە .

يورۇقلۇقنىڭ جىمجىت سەپىرى ،
داۋام قىلار تومۇرلىرىمدا .
يېزىپ قويدۇم ھاۋاغا مۇنداق:
قەبرىستاندىن ئارتۇق بۇ دۇنيا .

## مەن ئۇيلايمەن ھاياتنى مۇنداق

مەن ئويلايمەن ھاياتنى مۇنداق:
كېچىپ تۇرۇپ قۇچاقلىشىش دەپ .
مەن ئويلايمەن ھاياتنى مۇنداق:
سۆيۈپ تۇرۇپ ئىقابلىنىش دەپ .

گۈللەر ھامان تۇرار يالىڭاچ ،
خازان بولار شۇڭا بەك ئاسان .
يالىڭاچتۇر ھەقىقەت يەنە ،
ئېيتالمايدۇ قورقۇپ كۆپ ئىنسان .

مەن ئويلايمەن ھاياتنى مۇنداق:
قاشالانغان ئەخلاق باغچىسى .
كۆرەر ئاڭا كىرگەن ئادەملەر
مايمۇنلارنىڭ ئادەملىكىنى .

قاشالارغا ئۆزىنى ئۇرار ،
يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويىلار .
باغچا سىرتى بىپايان ئالەم ،
قۇياش نۇرى كۆزنى چاقنىتار .

مەن ھاياتنى ئويلايمەن مۇنداق:
ياشاش ، لېكىن ياشاۋەرمەسلىك .
تالىجىقمامدۇ ئادەم ، ئۆمرىدە ،
ئىسكەنجىگە ئالمىسا مەستلىك .

(ئاپتور: گۇما قوشتاغ يېزىسىدا)
تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



سېھتىڭ مورسى يوق، كۆيۈكنىڭ دورىسى يوق .

ئابلەت ئۆمەر

# ئىككى شېئىر

**رەڭلەرگە چىرمىلىپ قالماقتا دۇنيا**

ئۈزۈمنىڭ گۈلىدەك خۇشخۇي تەبەسسۇم،
قەلب دالاسىغا تاشلايدۇ جۇلا.
دەردنى دىردمەنگە سۆزلەش نە ھاجەت،
ئازاب ھاياتنى پارلاتقان شولا.

ئۆتمۈشنى سېغىنىش كونىلىق ئەمەس،
رەڭلەرگە چىرمىلىپ قالماقتا دۇنيا.
ئەركىمگنى قۇيۇۋەت تاڭلار قوينىغا،
بۈيۈكتۇر بۈيۈك بىر روھتىن نەق گۇناھ.

تەبىئەت ئوق ئۆتمەس، ئۆلمەس ھەقىقەت،
ئادەملەر ئادەمگە قەرزدار ئەمەس.
ھاياتتا ئارزۇغا كۆمۈلۈپ ياشاش،
ئاشىق تەنلەرگە مەڭگۈلۈك ھەۋەس.

**تاقەتسىز تۇيغۇنى چالغىتار ھىجران**

لاۋۇلداپ يەلپۈندى كۆزلەردە يالقۇن،
بۇلۇتلار كەينىدىن كەلسەڭ ئەگىشىپ.
ساۋاتسىز ئەرلەرنى سېغىنغان روھىڭ،
كاككۇكنىڭ كۈيىگە يۈرەر مىنگىشىپ.

ئەركەكلىك سۈيىگە چۆمۈلسەم دېسەن،
تاقەتسىز تۇيغۇنى چالغىتار ھىجران.
سۆيۈلۈپ ياشاپمۇ، سۆيۈپ ياشاپمۇ،
ئوت كەتتى، ئوت كەتتى دەيدۇ يەر جاھان.

(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى)

تەھرىرى: مەتىسلىم مەتقاسىم

مەتتۇرسۇن يۈسۈپ نىسال

# قىچىپ چىقتىم

ھەر كۈنى مەھەللەڭدىن ئۆتۈپ تۇردۇم،
نىگارىم سۇغا چىقىپ قالارمۇ، دەپ.
ھەر كۈنى كونا جايدا كۈتۈپ تۇردۇم،
سېغىنغان چاغدا مېنى بارارمۇ، دەپ.

سۇغىمۇ ئاناڭ چىقتى، سەن چىقمىدىڭ،
بارمىدىڭ كونا جايغا، چىدالمىدىم.
جان تىكىپ ياشاپتىمەن، جان تىكمىدىڭ،
ئۇنتۇلۇپ كېتەي دېدىم، قىيالمىدىم.

قەسەمگە، ۋەدىلەرگە ئىشەنمەيمەن،
ئىنساننىڭ لەۋزى ئۇلۇغ بىلسەڭ، گۈلۈم.
شۇندىمۇ ساڭا بەخت تىلەش بىلەن،
ئۆتىدۇ مېنىڭ كېچە- كۈندۈزلىرىم.

مەن بىلەن تەڭ ياشاشقا رازى بولساڭ،
كۈندۈزى دەرۋازاڭنى ئېچىپ چىقتىم.
چىقىلى قويمىغاندا ئاتا- ئاناڭ،
كېتەيلى يىراقلارغا قېچىپ چىقتىم.

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە جاپشاز يېزا 4 - كەنت)

تەھرىرى: مەتىسلىم مەتقاسىم

باھار رېھىم روھلان

# تۇيغۇلار

چۈشلىرىمدە سۈپسۈزۈك سۇ ئاققۇدەك،
سۇ يۈزىدە سەن ئۈزۈپسەن ئاققۇدەك.
يۈرىكىم تاغ، تومۇرۇم دەريا ئىمىش،
سەن ئۇچۇن ئىشقىم كۆۋجەپ ئاققۇدەك.

※ ※

تەق قىلىپ تەنناز ئىلەشاد بەزمىنى،
دېمىگىن دىيانىتىڭدىن بەز مېنى.
بەس يېتەر كۆپنى چىرىتكەن قىلمىشىڭ،
چاغلىما ئۆزۈڭنى مۆشۈك، بەز مېنى! ...

※ ※

قۇربانلارنىڭ قىزىل گۈل قېنى،
ئاڭا رەڭداش ئېسىل خۇشبۇي گۈل قېنى؟.
ئىست شۇ گۈلمۇ كەتكەنىمىدۇ يەنچىلىپ،
بولۇپ تويماس پارىخورنىڭ گۈلقېنى! ...

※ ※

بىر ئۆمۈر ئىزدىگەن، كۆيگىنىم سەن ـ دەل،
خۇش ھىدىڭ گۇياكى ئىپارۇ سەندەل.
پولاتتەك ئۇيۇسۇن ئاتەش مېھرىمىز،
سەن ئۇرغىن بازغاننى مەن بولاي سەندەل! ...

※ ※

بىر كۆرەي جامالىڭ كەتمىگىن، يانغىن،
تۈن گويا دىل خانەم شام بولۇپ يانغىن.
مەي قەدەھ ئورنىدا كەلتۈر مۇز سۈيى،
كۆيمەكتە يۈرەكتە ئۇلۇغ بىر يانغىن.

※ ※

كۆيدۈم دېسەم، كۆرۈپ چال مېنى،
گۈل ئورنىدا ئاتتىڭ چالمىنى.
بولۇر ئايان مۇڭ تۆكسە ئىشقىم،
تەمبۇر ئەيلەپ قېنى چال مېنى!

※ ※

تۇرمۇش مەكتەپ ئۆگەتكەي ساۋاق،
چىدامىلىق بول تەگسىمۇ ساۋاق.
بىر دېگىنىز ئۇ ساختىلار چۆككەي،
سەن ئۈچۈن بۇ ئۇنتۇلماس ساۋاق!.

※ ※

ھەقىقەت نامىدا كۆتىرىپسەن تۇغ،
ھەقىقەت يولىغا سالساڭ توساق ـ تۇغ.
نە پەرقىڭ ئەمەلدە كۈرۈك توخۇدىن،
ئېغىزدا مەيلى سەن تىللا گۆھەر تۇغ.

※ ※

تۆھپىكار مەرتكە خاس ئالقىش ۋە تەقدىر،
ئەپسۇس بىر ساختىنغا بۇيرىدى تەقدىر.
بەزىلەر دېدى: «بۇ دانالىق ئەمەس»
بەزىلەر دېدى: «بۇ پۈتۈلگەن تەقدىر!».

※ ※

بىرىلمە دەيتتىمغۇ كەيىپ ـ ساپاغا،
غەرق مەست تاشلانىدىڭ لۆم ـ لۆم ساپاغا.
بەدبۇي سەت خورىكىڭ، جۆيلىمىشلىرىڭدىن،
مىڭ ئەپسۇس دەزكەتتى، ئەخلاق ـ ساپاغا.

※ ※

بىلگىنىڭنى بىلمىدىم ھەي تاڭ دېمە،
كۆرمەيىن سۈبھىنى ئاتتى تاڭ دېمە.
بايقىماي قوينۇڭغا سالما كىرپىنى،
سۆيمىگەننى يۈرىكىڭگە تاڭ دېمە.

※ ※

بار ئېسىمدە ئىشىق ئوتىڭدا چاپقىنىم،
يول ئېچىپ مەلەڭگە، يانتاق چاپقىنىم.
ئىزلىرىڭدىن خاك ئېلىپ مەلھەم ياساپ،
سەن ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەككە چاپقىنىم!.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

نامانجان ئۇرسۇن

## سەن زېمىندىكى «ئوتتۇز ياش» لىق ئەر*

(غۇجىمۇھەممەت مۇھەممەتكە)

دىلىڭدا كۆيەر يورۇق بىر «پىراق» ،
ۋۇجۇدۇڭدا «ئەرنىڭ ئىپپىتى» .
«ئىشقنامە» سۆيگۈ رىسالەڭ،
بوينىڭغا دار «يارىمنىڭ چېچى» .

«41 ـ ئاياغ» نى كىيىپ،
چىقتىڭ كۆنلۈكسىز «يامغۇرلۇق كۈن»دە.
«نىران قىز» نى «سېغىنىش» بىلەن،
چاقىردىڭ يىغلاپ بۆزە ئۈنىدە.

«تەن يۈكى» نى كۆتۈرۈپ ئېغىر،
كىردىڭ «پەيشەنبە بازار» ئىچىگە.
«كۆزۈمگە قارا» دەپ «ئاشناجان» غا،
«مېنى كۈتمە...» دېدىڭ كېچىگە.

سەن زېمىندىكى «ئوتتۇز ياش» لىق ئەر،
ھەسرىتىڭ، دەردىڭ كىردى ئوتتۇزغا.
يالغۇز قالدۇرۇپ «جۇدالىق» ىڭنى،
ئۇچرايسەن گاھ «ئون ئۈچ ياشلىق قىز» غا.

چۆلنى يورۇتتىڭ بولۇپ «سولغۇن ئاي» ،
«قۇم شەھەر» گە ئېھ! كىردىڭ يالىڭاچ.
سانچىدىڭ تۈندە شىردەك ھۆركىرەپ،
قىسمەت تىغىنى ئۆزۈڭگە گاچ ـ گاچ...

نەۋائى يۈتقان چوغنى يالمىدىڭ،
روھىڭ مەشرەپنىڭ ساپايىسىدا.
ھەر سەھەر يېڭى تۇغدۇڭ ئۆزۈڭنى،
رېئاللىق بىلەن كۆي ئارىسىدا.

(ئاپتور: قەشقەر يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىدا)
تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

يۈسۈپ ئېلى قۇربانى

## ھەقىقەت

زاراتكاھلىق ياتقان يېپىلىپ ،
مەلىسكە يۇلغۇنلۇقلارنىڭ .
ياتقىنى كىم قەبرە ئىچىدە؟
جەسىدىغۇ بۇ ئۇلۇغلارنىڭ .

ئوماققىنە تەنھا يۇلغۇننىڭ ،
سىرداشلىرى يوقتۇر يېنىدا .
ئولتۇرىدۇ مەسۇم بىر شامال ،
قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن شېخىدا .

قىسلىچىدىن ئۆتۈپ روھلارنىڭ ،
ھىجران يۇدۇپ كەلدى بىر بالا .
ئېھ ، يۇكۈندى تەۋەككۈل قىلىپ ،
ئاتىسىغا قىلماققا دۇئا .

دۇئا يېرىم بولغاندا بىردىن ،
كۆزى چۈشتى يۇلغۇن شېخىغا .
جىلۋىلەندى مەسۇم بىر پىكىر ،
رەگەتكىسى كەلدى يادىغا .

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە ئاۋات بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

* تىرناق ئىچىدىكىلىرى ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.



# سوقراتنىڭ ۋەسىيىتى

ئادىل ئابدۇقادىر

غەرب تارىخىدا بەلكىم ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كرېستقا مىقلىنىشى ۋە سوقراتنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىدەك، غەربنىڭ ئىدىيە تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىككىنچى بىر ۋەقە بولمىسا كېرەك. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كرېستقا مىقلىنىشى خىرىستىئان دىنىنىڭ غەربتىكى ھۆكۈمران دىن ۋە ئىدىيە سىستېمىسى بولۇشىغا سەۋەب بولغان بولسا، سوقراتنىڭ ئۆلۈمى ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى مەركەز قىلغان غەرب دېموكراتىزىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى يازدى. بۇ ئىككى شەخسنىڭ ئۆلۈمى گەرچە غەرب تارىخىدىكى بىر ئۇنتۇلماس تراگېدىيە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەربلىكلەرنىڭ كېيىنكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تراگېدىيە دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ بىر ئۆلمەس مىلودىيىگە ئايلاندى. شۇڭا، غەربلىكلەرنىڭ ئىدىيە تارىخىدا ئۇلارنىڭ يارقىن سىماسى ھامان نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق كىشىلەرگە ھەقىقەتنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تولۇق نامايىش قىلدى ۋە ھەقىقەتنى قانداق قوغداش توغرىسىدا مۇپەسسەل دەرس ئۆتتى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز قاراش، تەشەببۇسلىرى ۋە ئۇنىڭ كرېستقا مىقلىنىشىنىڭ سەۋەبى، جەريانى توغرىسىدا ئىنجىل ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ماتېرىياللاردا بىر قەدەر تەپسىلى مەلۇماتلار بار. ئەمما سوقراتتىن ئىبارەت بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ھاياتى، كۆز قاراش، تەشەببۇسلىرى توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەپلاتوننىڭ قىسقىچە خاتىرىسىدىن باشقا مۇپەسسەل ماتېرىيال يوق. ئافىنا سوتى سوقراتقا «ياشلارنى ئازدۇردى» دېگەن جىنايەت بىلەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈش جازاسى بەرگەن. سوقراتتىن ئىبارەت بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان ئەشۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقى، نېمىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەنلىكى نامەلۇم. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقان، ئۇنىڭ يېقىن شاگىرتى كرېستونىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، سوقرات سەكراتتا چۈشكەن ئەشۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە، كرېستوغا ئاخىرقى قېتىم «كرېستو، مەن ئاسكارىدىسقا بىر خوراز قەرزدار ئىدىم، قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۇنتۇما» دېگەن ئاددىيغىنە ۋەسىيەتنى قالدۇرغان.

مانا مۇشۇ ئاددىي ۋەسىيەت غەرب، جۈملىدىن دۇنيا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ سەردارى دەپ شۆھرەتلىنىپ كېلىۋاتقان، ھەممىگە نامى تونۇش بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى بولۇپ قالغان. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىشنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر بەلكىم، بۇ ئۇلۇغ پەيلاسوپنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا بىرەر ئەھمىيەتلىك ۋەسىيەت قالدۇرماستىن، بەلكى تولىمۇ ئاددىي ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىدىن ئاغرىنغان ۋە ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، سوقرات ئەشۇ ئاخىرقى ۋەسىيىتىدە بىشارەتلىمەكچى بولغان نەرسە، پۈتكۈل ئىنسانىيەت، جۈملىدىن جان قەرزنى ئۈستىگە ئالغان ھەربىر ھايات ئىگىسى ئىجتىمائىي ھاياتتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇقەددەس ئەخلاق نىزامىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئىسلامىيەت دۇنياسىدا يەنە سوقراتقا ئوخشاشلا شۆھرەتلەنگەن، ئىسلام دۇنياسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان «ھۆججەتۇل ئىسلام» دەپ نام ئالغان ئىمامى غەززالى ھەققىدە، دەل مۇشۇ غەرب مۇتەپەككۇرىنىڭ ئەشۇ ئاخىرقى ۋەسىيىتى بىلەن مەنە جەھەتتىن

ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر ۋەقەلىك رىۋايەت قىلىنىدۇ. غەززالىنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، غەززالى ھەمىشە شاگىرتلىرىغا دەرس سۆزلەۋېتىپ پات ـ پات شۈكلەپ قالىدىكەن. بىر قېتىم غەززالىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. غازالى شاگىرتلىرىغا «كىچىكىمدە بىر قېتىم ئانام ئىش بىلەن ھەلەك بولۇپ كېتىپ مېنى ئېمىتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. مەن ئاچلىقتىن قاتتىق يىغلاپ كەتكەچكە، قوشنىمىز كېرىپ ئېمىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دادام مېنى ئىككى پۇتۇمدىن تەتۈر كۆتۈرۈپ قوشنىمىز ئېمىتكەن سۈتىنى قەي قىلدۇرۇۋېتىپتۇ. شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە ئانام كىرىپ قېلىپ، دادامدىن نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، دادام قوشنىمىزنىڭ ھالال ـ ھارامنى ئايرىمايدىغان ناكەس ئادەم ئىكەنلىكىنى، ۋۇجۇدۇمغا ھارامنىڭ سىڭىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ» دەپ ئۆزى كىچىكىدە باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ پات ـ پات شۈكلەپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ: «ھالا بۈگۈنكى كۈنگىچە مەن ئەينى چاغدا تېنىمدە ئەشۇ ئايالنىڭ سۈتىدىن قالغان بولغىيمىدى. ئەگەر ھەقىقەتەن دادام ئېيتقاندەك بولسا، مەن ئاخىرەتتە ئەشۇ ھارامنىڭ ھېسابىنى قانداق بېرەرمەن دەپ ئويلاپ قالىمەن ھەم بۇ ئىش پات ـ پات ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ» دەپتۇ.

ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان ئورۇندا ياشاپ ئۆتكەن بۇ ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىزامى ھەققىدىكى مەنە جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ بايانلىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بىز ھاياتلىق پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشتىكى جەسۇرانە روھ جەھەتتە ئۇلار بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇشقا ئاجىزمىز ھەم ئۇنىڭغا يارىمايمىز. بۇ ئىككى مۇتەپەككۇر گەرچە ھاياتلىقىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھاياتلىق نىزامى ھەققىدىكى تەپەككۇر بوشلۇقىدا ئۆزئارا ئۇچراشقان.

سوقراتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئېسىگە كەلگىنى قانداقتۇر باشقىلارنىڭ ئالغان خوراز ئەمەس، بەلكى ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس نىزام ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئاددىيغىنە ۋەسىيىتى ئارقىلىق بەلكىم، ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بىر ـ بىرىنىڭ دەخلىسىز ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلماسلىقنى تەكىتلىمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى غەرب مۇتەپەككۇرلىرى سوقراتنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئىنسان ھەقلىرى ئۈستىدە مىڭ يىللار پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مەنىسىنى دەۋر ئېھتىياجى ۋە تەرەققىياتىغا ماس ھالدا شەرھلەپ ۋە كېڭەيتىپ، «كىشىلىك ھوقۇق»، «دېموكراتىيە» ئۇقۇملىرىنى غەرب پەلسەپىسى ۋە سىياسىتىنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇردى.

شەرقتە بولسا، ئىمامى غەززالىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھەر قايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىشتىكى ئۇسۇلى ھەممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەشۇ رىۋايەتلىك تارىخى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، يىللار ـ ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس پرىنسىپلىرىدىن بېرى ھېسابلانغان، شۇنداقلا ئىمامى غەززالى تەكىتلىمەكچى بولغان ئىنسان ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىقتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپ، گەرچە ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى، قازى ئەمەلدارلارنىڭ ئوغرىلارنىڭ قولىنى كېسىش، زىناخورلارنى چالما كېسەك قىلىشتىكى قانۇنى پرىنسىپقا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھالال ـ ھاراملىق مەسىلىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ، غەرب جەمئىيىتىدىكىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغىچە كېڭىيەلمىدى، شۇنداقلا ئۇ كىشىلەر جان تىكىپ قوغدايدىغان ھوقۇققا ئايلىنالمىدى ھەم سىياسىي سەۋىيىگە كۆتۈرەلمىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ كرىزىسى ئىدى. بۇ كرىزىس مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، بولۇپمۇ ئۇ بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان خەلقئارا كرىزىسنىمۇ زور دەرىجىدە بەلگىلەپ قويدى. ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە پرىنسىپلىرى بويىچە بولغاندا، ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدىكى


شائىر ئابدۇرېشىت ئەلى، شېئىر تالانتىڭىزغا كۆز تەگمىسۇن!

تەشەببۇسىنى ئەسلى مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئوتتۇرىغا قويىشى ۋە ئۇنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، كىشىلىك هوقۇق ۋە ئىنسان هەقلىرىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىدىغان «قۇللۇق تۈزۈم» نى بىكار قىلىش تەشەببۇسى ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئىنسان هەقلىرى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرى تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىدا جەمئىيەت تۈزۈلمىسى شەكلىدە بارلىققا كېلىپ يولغا قويۇلغانىدى. ئەمما بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى كىشىلىك هوقۇق مەسىلىلىرىنى غەربنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنى غەربنىڭ تىلى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ. «ئىسلامدا دېموكراتىيە»، «ئىسلامدا كىشىلىك هوقۇق»؛ «ئىسلامدا ئەركىنلىك» دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ يېقىنقى زامان ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كەڭ مۇلاھىزە تېمىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ خىل بىچارىلىكنىڭ دەلىلىدۇر.

غەرب مۇتەپەككۇرلىرى ئىنسان هەقلىرى ۋە ئۇنى رېئاللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇلاھىزە ھەم تەتقىقاتىنى نەچچە ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك هوقۇقىنىڭ دەخلىسىزلىكىدىن تارتىپ سايلاش هوقۇقى، پىكىر بايان قىلىش هوقۇقى قاتارلىق سىياسىي هوقۇق دائىرىسىگە كېڭەيتىپ، ئاخىرىدا ئۇنى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىغىچە سىڭدۈرۈۋەتتى. شۇنداقلا ئىنسان هەقلىرىنى دۆلەت پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پرىنسىپىغا ئايلاندۇردى. بۇنى نەچچە ئەۋلاد غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېسەك كۆپتۈرۈۋەتكەن بولمايمىز. دەرۋەقە غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بۇ جەھەتتە هازىرقى زامان دۇنيا كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە هەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتكىدەك خىزمەتلەرنى قىلدى. بۇ بىر نۇقتىنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوق. چۈنكى بۈگۈنكى دۇنيادا «دېموكراتىيە»، «كىشىلىك هوقۇق» ئۇقۇملىرى يېتىپ بارمىغان بۇلۇڭ ـ پۇشقاق قالمىدى. «دېموكراتىيە»، «كىشىلىك هوقۇق» ئۇقۇملىرى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋە سىياسىي ئەربابلار كۆپ تىلغا ئالىدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، دۇنيانىڭ ئىككى قۇتۇپلۇق سىياسىي ئەندىزىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، غەرب دېموكراتىزمى تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنداقلا غەرب دۇنياسى «دېموكراتىيە» نى بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە دۇنياغا كېڭەيتىش ئۈچۈن كىرىشىپ كەتتى. بۇنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنىڭ كوسوۋو، ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكى هەرىكىتى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئەمما، شۇ بىر نۇقتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ «دېموكراتىيە» نى بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە دۇنياغا زورلۇق كۈچى بىلەن كېڭەيتىشكە ئۇرۇنىشى، «دېموكراتىيە» ۋە «كىشىلىك هوقۇق» نىڭ ئەسلى خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى ئەسلى غەرب مۇتەپەككۇرلىرى شەرھلىگەن مەزمۇنلاردىن كۆپ چەتنەپ كەتتى. دېموكراتىيە ئەسلى كىشىلەر ئىختىيارى يوسۇندا قوبۇل قىلىدىغان ئىدىيە ۋە تۈزۈلمە شەكلى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما غەرب تەشەببۇس قىلىۋاتقان دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك هوقۇق غەربنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئىچكى بىردەكلىككە ئىگە بولغاچقا، غەرب سىياسىئونلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىنىڭ ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلىك هوقۇق ۋە دېموكراتىيىسىنى قوغداشنى بايراق قىلىپ تۇرۇپ ئۆز خەلقىنى ئالداپلا قالماستىن، باشقا دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ كىشىلىك هوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دېموكراتىيە تەشەببۇسچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە قوللانغان سىياسىتى ۋە كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنىڭ ئىراقتىكى قىلمىشلىرى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر دېموكراتىيىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. هازىرقى ئىراق كرىزىسى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان خەلقئارادىكى داۋالغۇش بۇنىڭ رېئال پاكىتى. ئۇندىن باشقا يەنە، «دېموكراتىزم» نىڭ زورلۇق خاراكتېرىدىكى بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە دۇنياغا كېڭەيىشى، غەرب دۇنياسىنى ئاساسلىق هۇجۇم نىشانى قىلغان «خەلقئارا تېرورلۇق» نىڭ قايتىدىن ئەۋج



بۆرىمۇ قوشنىسىغا يامانلىق سېغىناس.

www.uyghurkitap.com

ئېلىشىغا سەۋەب بولدى ھەم ياۋروپادا يۈز بەرگەن بىر قاتار «تېرورلۇق» ۋەقەلىرى غەرب دۇنياسىنىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە، ئىسلام رادىكال كۈچلىرىنىڭ غەربنىڭ «ئوتتۇرا شەرقنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش» ستراتېگىيىسىگە قايتۇرغان ئىنكاسى ئىدى.

بۇلارنى غەرب دېموكراتىزمىنىڭ مەغلۇبىيىتى دېيىش كېرەكمۇ ياكى غەلىبىسىمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك قىيىن. چۈنكى غەرب دېموكراتىزمچىلىرى بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئاللىبۇرۇن مۇرەسسەسىز دەۋرىگە كىرىپ بولدى. ئەمدى ئىككىلا تەرەپنىڭ قارشى تەرەپنى سۆھبەت ئۈستىگە ئەكىلىشى تەس. چۈنكى ھېچكىم ئۆز مەنپەئەتىنىڭ قۇربان بولۇشى ياكى دەپسەندە بولۇشى بەدىلىگە باشقىلارنىڭ ئالتۇن كاسىسىدا چاي ئىچمەيدۇ. سوقرات ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا باشقىلارغا ئەسكەرتمەكچى بولغان يەنە بىر ھەقىقەت بەلكىم شۇ بولىشى مۇمكىن.

## ۋاقىت سېزىمى ۋە ئۆلۈم

ھەممىمىز ۋاقىت ھەققىدە گەرچە ھېچقانچە ئىلمىي چۈشەنچە ۋە نەزەرىيىلەردىن خەۋەردار بولمىساقمۇ، لېكىن ھەممىمىزدە ۋاقىت ئېڭى ۋە ۋاقىت سېزىمى مەۋجۇد. ۋاقىتنىڭ كالېندارلاشتۇرۇلىشىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ سائەت، مىنۇت، سېكۇنتلارغا قەدەر بۆلۈنىشى ۋە ھەممىمىزنىڭ كۈندىلىك ئىش-پائالىيەتلىرىمىزنى ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ئورۇنلاشتۇرىشىمىز بۇنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بىراق بىزدىن تۇغۇلغان ۋاقتىمىز، يېشىمىز دېگەندەكلەرنى سوراپ قالسا، ئارخىپىمىز سۈپىتىدىكى ھەرخىل جەدۋەللەرنى تولدۇرساق، بىز دەل ئۆزىمىزدىكى ۋاقىت سېزىمىگە ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنلىرىنى، يېشىمىز دېگەندەكلەرنى سۆزسىز توغرا ئېيتىپ بېرەلەيمىز. شۇنداقلا ھەممىمىز يەنە ئۆزىمىزدىكى ۋاقىت سېزىمىگە ئاساسەن باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئەستە ساقلايمىز ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى پىلانلىرىمىزنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزىمىز. تۇرمۇشىمىزدىكى ھەربىر تەپسىلاتلار ئۆزىمىزنىڭ ۋاقىت سېزىمىگە ئاساسەن ۋاقىت جەدۋىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ھەممىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دەل ئۆزىمىزنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ ۋاقىت سېزىمىمىز قانداق شەكىللەنگەن؟ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ۋاقىت سېزىمى ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ۋاقىت چۈشەنچىسىنى دەل شۇخىل ئىپتىدائىي ۋاقىت سېزىمىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇخىل ئىپتىدائىي ۋاقىت سېزىمى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ قالدۇقى ھېلىھەم بىزگە پات-پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. يەنى، بىزدىن بۇرۇنقىلارنىڭ ۋاقىتنى كۈنگە قاراپ بەلگىلەش دەل مۇشۇ خىل ئىپتىدائىي ۋاقىت سېزىمى چۈشەنچىلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەمدى بىزنىڭ ۋاقىت سېزىمىمىز شۇخىل ئىپتىدائىي ۋاقىت سېزىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە بارغانسېرى پارچىلىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بىزنىڭ ۋاقىت سېزىمىمىز مۇھىت ۋە پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ۋاقىت ھېسابلاشتىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەن. شۇڭا، ۋاقىتنىڭ پۈتۈنلەي كالېندارلاشتۇرۇلۇپ يىل، ئاي، پەسىل، ھەپتە، كۈنلەرگە ئايرىلىشى ۋە كۈنلەرنىڭ يەنە سائەت، مىنۇت، سېكۇنت، دەقىقىلەرگە پارچىلىنىشى بىزنىڭ ۋاقىت سېزىمىمىزنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق ئامىللاردۇر.

ئەمدى بىز ۋاقىتنى ئۆزىمىزگە ئاساسەن كالېندارلاشتۇرۇپ ھېسابلىغاندىن باشقا، ئۇنى ھازىرقى زامان ئىختىرالىرىدىن ھېسابلانغان ۋاقىت ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن مېخانىك يوسۇندا ھېسابلاپ ئادەتلەنگەن. شۇڭا، بىزنىڭ ۋاقىت سېزىمىمىزنىڭ شەكىللىنىشىنى تولىمۇ مېخانىك دېيىشكە بولىدۇ. مۇبادا بىز ئۆزىمىز ئىجات قىلغان كالېندار، سائەت دېگەندەك ۋاقىت خاتىرىلەش جەدۋەللىرىدىن ئايرىلىپ قالساق، ئۇ ھالدا ھەممىمىز ۋاقىت سېزىمىمىزنى يوقۇتىمىز، شۇنداقلا ئەڭ ئاددىي ۋاقىت ئۇقۇملىرىدىنمۇ مەھرۇم قېلىشىمىز مۇمكىن

ۋاقىت سېزىمىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە كېڭىيىشى قارىماققا كىشىلەرنىڭ ۋاقىت چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ۋاقىتقا بولغان



نىيا ئامېسىدىكى ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى سۇسلاپ قالمىغاي!

تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەقىق دەرىجىسىگە قەدەر پارچىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ئۆلۈم تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كىشىلەر ۋاقىتنى قانچە پارچىلاپ ھېسابلىغانسېرى ئۆزلىرىنى ئۆلۈمدىن شۇنچە يىراق ھېس قىلىشىدىغان بولدى. بولۇپمۇ كىشىلەر ۋاقىت سېزىمىنىڭ مېخانىكىلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، ئۆلۈم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشكە باشلىدى. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، قاچان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۆلۈم كىشىلەرنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋاقىت سېزىمى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغاندىن تارتىپ باشلانغان. شۇڭا، ئۇنى ئۆلۈمدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ۋاقىت سېزىمى پەقەت ئۆلۈم چۈشەنچىسى ئۈستىگە قۇرۇلغاندىلا ئاندىن ئىنساننىڭ ۋاقىت سېزىمى ھەقىقىي يېڭىلانغان بولىدۇ.

ئەمدى بىز رېئاللىقىمىزغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، بىزنىڭ ۋاقىتنى مېخانىك يۇسۇندا ئۆلچەش ئادىتىمىز، ۋاقىت سېزىمىمىزنىڭ قاشاڭلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، نۇرغۇن كىرزىس خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە سەۋەب بولماقتا. ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك تۇرمۇشىمىزدىكى مۇشۇ خىل كىرزىس خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ھېسابلانسا، ئۆلۈمنى ئۇنتۇش، رەھىمسىزلىك، تەڭسىزلىك، زوراۋانلىقنىڭ كېڭىيىشى ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشىمىزدىكى ئېغىر كىرزىسلار ھېسابلىنىدۇ. بۇخىل كىرزىسلار دەل ۋاقىت سېزىمى بىلەن ئۆلۈك ئارىلىقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، ئۆلۈمنىڭ ۋاقىت سېزىمى دائىرىسىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تۆۋەندىكى پارچە بۇنىڭ جانلىق دەلىلى بولالىشى مۇمكىن.

شەيتان بىر كۈنى قول ئاستىكىلىرىنى يىغىپ قانداق قىلغاندا ئىنسانلارنىڭ ئاتالمىش «قىممەت قارىشى»، «ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى» گە بولغان قارىشىنى ئۈزۈل-كېسىل ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ ئازدۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپتۇ.

شەيتاننىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىرى تۇنجى بولۇپ پىكىر بايان قىلىپ «بىز ئىنسانلار ئارىسىدا خۇدانى مەۋجۇد ئەمەس دېگەن قاراشنى كەڭ تەشۋىق قىلايلى» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

ئىككىنچىسى «ئىنسانلارغا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەيلى» دەپتۇ.

ئۈچىنچىسى «ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ھەق يولدىن ئاللىبۇرۇن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، نېمىلا قىلغان بىلەن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ئېيتايلى» دەپتۇ.

شەيتان قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «ئىنسانلار ھازىر بىخۇتلىشىپ، ھېچنېمە كار قىلماس بولۇپ كەتتى. ئۇلار ھازىر ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدۇ. مېنىڭچە بىز ئۇلارغا پەقەت ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن ئۇزۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويساقلا كۇپايە قىلىدۇ. ئىنسانلار ۋاقىتنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى بىلسىلا، ئۇلار ئارىسىدىكى ئادالەت، ياخشىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق تەدرىجى يوقاپ ھەممە يەردە ئادالەتسىزلىك، يامانلىق، زوراۋانلىق، تەڭسىزلىك يامرايدۇ» دەپتۇ.

دېمەك، ۋاقىت سېزىمى بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇنچە ئاددىي پەلسەپىۋى مۇناسىۋەت ئەمەس. ئۆلۈم ئەسلىدىنلا بىر قاباھەتلىك ئىش، ئۇنىڭ ۋاقىت سېزىمى ئىچىدە ئۇنتۇلىشىمۇ ئوخشاشلا قاباھەت ۋە تراگېدىيىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەمما بۇخىل قاباھەت ۋە تراگېدىيە ئۆلۈمدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى ئۆلۈم ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ دەل ۋاقىت سېزىمى قاشاڭلىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى تراگېدىيە.

(ئاپتور: خوتەن مەمۇرى مەھكىمە تەرجىمە بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



ئۈچىسى قىچىشقان ئېشەك تۆگىنىڭ يېنىغا يېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھىجرانلىقنىڭكى تەن ۋە روھ قىسسىسى

ئابدۇقادىر قارلۇق

تەگرى ئەڭ خاسىيەتلىك تاللىشى ۋە ئۇلۇغۋار يۈزلىنىشى بىلەن بۇ ئالەمدە تەن بىلەن روھتىن تەركىبلەنگەن مىسلىسىز قەدىرىيەت، ئىززگۈلۈك ۋە خىسلەتكە ئىگە ئادەمنى ئاپىرىدە قىلدى. ئۇ يەنە چەكسىز ھېكمەت ۋە ھىممەت بىلەن ئادەمدىن ئىبارەت بۇ يوچۇن بارلىقتا ئۆزىنىڭ يېتۈك ئۆلچەملىرى بويىچە ئەسلىي تۇپراقىي خاكسار تەركىبىدىن ھالقىغان ئالاھىدە بۈيۈك خۇسۇسىيەت بېغىشلىدى.

تەن بىلەن روھ مەڭگۈ ئايرىلماس بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇلار ھامان جۇدالىشىدۇ. تەن بىر پەۋقۇلاددە ماددىي مەۋجۇدلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممىدىن بىۋاستە، روشەن ۋە كونكرېت تىلغا ئېلىنىدۇ، ئىدراك قىلىنىدۇ. روھ ئەركىن پەرۋاز خاسلىقىغا مەنسۇپ تىپتىكى ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئېلاستىك، ئەڭ ھىسسىي ۋە ئىدراكىي باغلىنىشقا ئىگە مەنىۋى مەۋجۇدىيەت. ھەر ئىككىلىسى بىلىشنىڭ ئەڭ ئالىي ماھىيىتىنى بويلاپ تەبىرلىنىدۇ.

شۇ مەنىدىن بۇ ئالەمدىكى ئىستىقامەت جەريانلىرىدا، ئادەم ماھىيىتى تەن بىلەن روھنىڭ ھەقىقىي يۇغۇرۇلۇشى ئاساسىدا مەۋجۇد بولۇشى كېرەك. ئەپسۇس، ئىنسانلار بۇخىل پەۋقۇلئاددە خاس مەۋجۇدلۇقتىكى مەنىنى ۋە خىسلەتنى ناھايىتى ئاز چۈشىنىدۇ. دېمەككى، ئۇلارنىڭ كائىنات ماكروزېپىسىدىن زەررىچىلەر مىكروزېپىسكىچە بولغان ماھىيەتلەرنى بىلىش دەرىجىسى ئىنتايىن چەكسىز پەللىلەرگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تەن ۋە روھ يۇغۇرۇلمىسىدىكى ئادەمنى ئۆزىنى ھەم ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇق مەقسەتلىرى ۋە ھېكمىتىنى ناھايىتى ئاز چۈشىنىدۇ. ئىنسان ئۆز سەزگۈلىرى ۋە مەۋجۇدلىقىنى ئوراپ تۇرغان تاشقى ماددىيەت ئالىمىگە شۇنچە يېقىن، ئەمما ئۆزىگە، يەنى ئادەملىكىگە شۇنچە يىراق!

ئىنسان ھاياتلىق مەۋقەسىدە ھەمىشە تەننى روھتىن ئاجرىتىپ قاراپ، ئۇنىڭ روھقا نىسبەتەن يېتەرلىمەس تەقەززالىق مايىللىقى ۋە ماھىيىتىنى يوقىتىپ چىقىرىدۇ ياكى بولمىسا روھنى تەندىن ئايرىپ قاراپ، ئۇنى مۇئەللەقتىكى ۋاكئۇم بوشلۇقتەك مەۋھۇم نۇقتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان ھايات جەريانلىرىغا مۇقەررەر ھالدا سىڭىشىپ تامغىلانغان بولىدۇ. بۇ ئادەملىكنى ئۆز بۇرجىدىن چىقىرىۋەتكەن بىر ھالدۇر.

يۇقىرىقى ئىككى خىل پوزىتسىيىدە، مەيلى قانداق تەبىر بېرىپ ئۆز مۇددىئاسى ۋە ئادەتلىرىگە خاس ياشاش يولىنى تاللىغۇچىلار بولسۇن، ياكى تەن ـ روھ ماھىيەت ۋە ھېكمەتلىرىنى ھېچقانچە چۈشەنمەسلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققۇچىلار بولسۇن ھەممىسى ماھىيەتتىن ئالغاندا بىنورمال مۇخلىسلاردۇر، ئۇلار ئەڭ ئەسلىي مەنىدىكى چىن ئادىمىيلىككە، روھنىڭ ۋە تەننىڭ ئۆزئارا يىمىرىلمەس ھالدىكى ئەركىن مايىللىقىغا، ئۆز ئادەملىكىنىڭ تېرەن ماھىيىتىگە ۋە مۇقەددەسلىكىنىڭ ئەسلى ئۇمىدىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر ئۆز ئادەملىكىگە دۈشمەن بولۇپ ياشاپ ھاياتىنى تاماملايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار سېپى ئۆزىدىن ئۆزىگە خائىنلارچە ۋە جىنايەتكارلارچە رەھىمسىز زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. ئۆز تەبىئىيلىكى بىلەن ئەسلىيىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشنى جىنايەت ۋە گۇمراھلىق دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە ئادەمدە ماھىيەتكە نىسبەتەن ھەقىقىي تۇيغۇ مايىللىقى ۋە تونۇش ئىستەكلىرى بولمايدىكەن، كۆزى ئوچۇق كورلۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇنداق ئەقىدىۋى كورلۇقنىڭ ئاقىبەتلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىزگە ناھايىتى ئايدىڭ.

ھەق ئۇچۇن قارىغۇ ھالدا ئادىي ۋە ئەقەللىي نەرسىلەرگە تەتۈر مەنە بېرىشتىن كېلىپ چىققان

رېئال ئاسارەتتىكى بۇخىل ھالەت داۋاملاشسا سەزگۈلەر سۇسلاپ، تۇيغۇلار گاللىشىپ بارىدۇ-دە، مېغىزىنى ئېدىتلاپ قوبۇل قىلماي، پاخال ۋە پۇچەكلىكنى ئادەت ۋە خاھىشلىرىغا ئۆز قىلىۋالىدۇ. قاچانكى ئادەمدە ئۆزىگە ۋە ئۆزلۈك (ئۆز سەزگۈلىرى)نى ئوراپ تۇرغان تاشقىيەتكە نىسبەتەن سەزگۈر خاھىش يوقۇلىدىكەن ئۇنىڭ تۇرغان-ماڭغىنى، يېگەن-ئىچكىنى، ئۇخلىغان-ياتقىنى، كىيىم كەيگىنى ۋە زېمىنغا ئېغىرلىق چۈشۈرۈپ يۈرگىنىلا ئادەم. توغرىسى، ئادەمنىڭ شەكلى سۈرىتىلا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ لۇغىتىدە ھەقىقەتكە بولغان سەمىمىيەتلىك تەلپۈنۈشكە قەتئىي ئورۇن قالمايدۇ-دە، ئۇنىڭدىكى ھەممە مايىللىق نىسبىي ئۈستۈنلىكتىكى نوپۇزنىڭ خاھىش تۈگمىنىگە سۇ بولۇپ ئاقىدۇ.

بۇنداق ياتلىشىش — چەتنەشنى ئاددىي قارىغىلى ھەم ئۇنى ئەقەللىي ھالەت دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. بۇ ياشاش مەۋقەسى بىلەن باغلانغان ئادەملىك مېتود مەسىلىسىدۇر! بىر مۇھىم نۇقتا ئايانكى، پەقەت سەزگۈرلۈك ۋە زەكىلىك ئىنسان مەۋقەسىنى ھەقىقەت مەنىسىدىكى مۇقەررەر قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆز تۇرمۇشى ۋە ھاياتىغا يۈكلىگەن مەنىسى ۋە بەرگەن تەبىر-ئىزاھى جەريانىدىكى رېئال ھېس-تۇيغۇ، كەيپىيات ۋە پوزىتسىيىسى باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭ ھاياتلىق سۈپىتى ۋە ياشاش بالاغىتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە، ئادەمنىڭ تەن ۋە روھقا نىسبەتەن تۇتقان روشەن پوزىتسىيىسى بىلەن ئومۇمىي قارىشىنىڭ رېئال ھالەتلىرى ھەم ئەسلى مەنبەۋى ماھىيەت جىددىي تەقەززا قىلغان زۆرۈرىيەتلەر ئۈستىدە توختىلىۋاتىمىز.

ماددىيىيەت ۋە مەنىۋىيەتتىن ماھىيەتلەنگەن ئىنسان ھامان ئەسلى تەركىبىي مەنبەسىنىڭ مايىللىقى بويىچە تۈجۈپىلەپ پەرۋىشلىنىشكە مۇھتاج. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئورۇنلىمايدۇ ۋە ئورۇنلىيالمايدۇ. پەقەت ئۆزلىكنى ۋە ئۆز ئەسلىنى تونۇغۇچىلار ئۇچۇن ۋۇجۇدنى پەرۋىشلەشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى چەكسىز، ئىچكى ۋە تاشقى بالاغەتنىڭ پايانى دەخلىسىز بولىدۇ. شۇڭا، ھاياتلىق روھىي (ئادىمىي) يۈكسىلىشلەر تەقەززاسىدىكى ئالىي پرىنسىپلارغا ھەر ۋاقىت مۇھتاج بولىدۇ. «ئادەملىك كامالەت مەنزىللىرىدە ھەممىنى ئۆز تەبىئىتىگە لايىقلاشتۇرۇش كېرەكمۇ ۋەياكى ئۆز تەبىئىتىنى قېلىپقا چۈشۈرۈش كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىش تەبىئەتنىڭ مۇپەسسەل ھېكمەتلىرىدىن ئۇدۇم ئالغان ھەقىقەتكە مۇناسىپ ۋۇجۇدنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئادەملىكنىڭ كامىللىق پەللىسى ۋە نۇرانىيە ھايات دەرىجىسى مۇشۇنى ئۆلچەم قىلىسا كېرەك.

ھاياتلىق ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك ۋە ئېزگۇ. ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە ئېزگۈلىكى شۇ يەردىكى، ئادەم تەن بىلەن روھنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىكى خاسىيەت ۋە مايىللىقىدىكى ئەركىنلىك بىلەن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئالىي يۈزلىنىش سۈپىتى بويىچە تەلتۆكۈسلۈك كامالەت، پارلاقلىق ۋە چەكسىز مۇكەممەللىك ئۈچۈن ئىمكانىيەت، ئۇلۇغۋارلىق، روھىي قۇدرەت، يېتىنچانلىق ۋە خەيرلىك رىغبىتى تاپالايدۇ. مانا مۇشۇنداق بىباھا خىسلەتلەر ئىلاھىي رەۋىشتە تەجەللى قىلىنغان ھېكمەتلىك ۋە نېمەتلىك دۇنياغا تىنىقلىنىۋاتقان ئادەم چوقۇم ئادىمىي ھارارەتلەرگە تويۇنغان بولۇشى كېرەككى، ھەرگىز غاپىللىقلارغا پاتماسلىقى، ئۆزلىكنى غازاڭ قىلىپ غەپلەتتە قالماسلىقى ۋە غەلەتلەرگە تاڭ قېلىپ تېڭىرقىغان ھالدا ئۆتمەسلىكى لازىمدۇر! يەنى، ئادەم ئۇزۇل-كېسىل ھالدا ئۆزىنىڭ ئاداققى نىجادىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەن ۋە روھنىڭ پاك، ساغلام، گۈزەل، قۇدرەتلىك شەكلى، مەنىسى ۋەزنى ۋە ماھىيىتى بويىچە ياشىشى كېرەك. دېمەك، ئادەمنىڭ ئەركىن ھالدا ئەسلى ئۆزىنى تېپىشى پەرھىز!

ئىنسانىيەت كەچمىشلىرىگە نەزەر سالساق، تارىختىن بېرى تەن بىلەن روھنى مۇقەددەس رەۋىشتە بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى باغلىنىش نۇقتىسىدىن مەنىلەرگە جېپسىلاشتۇرۇپ ھەقىقىي ئۆزلۈك روھىي بويىچە تىنىق ئۇرغانلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلۈپ كەلگەن دېمەك، ساناقسىز جان ئىگىسى بىھۇدە تۇغۇلۇپ، بىھۇدە ياشاپ ۋە بىھۇدە ئۆلۈپ تۈگىگەن. بۇ ئىنسانىيەت يىراق ئۆتمۈشىدىن ھەتتا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەدۇر. نۇرغۇن كىشىلەر گويا ئۆزىنىڭ شۇنچە بەھوزۇر ئەمەللىرى، يالتىراق سالاپىتى ۋە ئۆزىچە دەخلىسىز مەئىشەتلىرى بىلەن، ئۆزلىرى ۋە باشقىلارغا شۇنچە


مەرھۇم يازغۇچى دىلنۇر ئابلىز، ئاپتورلىرىمىز قەلبىدە يادلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



تارتمىلىق تۇيۇلۇپ ئالىي سۈپەتتە ياشاپ ئۆتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ ئەسلىي ماھىيەت، يارالمىشتىكى ھېكمەت ۋە ياشاشتىكى مۇقەددەس مۇددىئالاردىن چەتنەپ كەتكەچكە ئۇلارنىڭ ياشاش دەرىجىسى ۋە سۈپىتى پۇچەكلىك ۋە باتىللىقتا تراگېدىيىلىك 0 (نۆل) سىمان بېزىرىپ، روشەن ئەقىللەرنى ھەر ۋاقىت ھەزەر ۋە سەگىشكە ئۈندەپ تۇرىدۇ.

دېمەك، نۇرغۇن ئادەملەر ئەنە ئەشۇنداق بىھۇدە ياشاپ ۋە بىھۇدە ئۆلۈپ كەلگەچكە، ئىنسانىيەتنىڭ مۇتلەق كۆپ مەنە ۋە ئىختىرا قەدەملىرى خۇددى تارىخنىڭ باياۋانلىرىدا چاڭقاپ ئاستا سىلجىۋاتقان كىچىككىنە چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىدەك سۈرئەتسىز ۋە بۇرۇختۇم ھالدا خەيرىيەتسىز، سائادەتسىز ھەم ھېكمەتسىزلىككە غەرق پېتى داۋاملاشقان شۇنداقلا خېلىدىن بۇيانقى ئىنسانىيەت قەدەملىرى ئەسلىي يېتىنچانلىقلاردىن چەتنىگەن ھالدا بۈگۈنگىچە كەلگەن. تارىخ ۋە زامانلار تراگېدىيە بىلەن پاجىئەلەردىن قۇتۇلالمىغان. ئىستىقامەت تەلەپلىرىدە، تەن بىلەن روھنى بىر ـ بىرىگە زامىتلارچە قارشى قويغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتكە ھەمدە ئۆزىگە چېكىنىشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ناپاب تەقدىر يۈزلىنىشى ئېلىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتىدۇ. نەقەدەر ئېغىر بىمەنىلىك ۋە ئۇچىغا چىققان بىچارە تەلۋىلىكلەر ھە؟! ئەزەلىي تەئەللۇق قىلىپ بېرىلگەن بارچە ئىمكان ۋە ھېسابسىز نېمەتلەرنى تەرك قىلىش بىچارىلىك بولماي نېمە؟!

تەلۋىلىك ۋە ناتوراللىقتا ئۇچىغا چىققان ئىنكارچان خاراكتېردىكى زىددىيەتلىك ئىنسانىيەت جەريانى يەنە قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟ تەن بىلەن روھنىڭ ۋاقىتسىز ۋە قەدىرسىز ھالدا زورمۇزور داۋاملىشىۋاتقان پاجىئەلىك جۇدالىقىغا ۋە بىھۇدە پايخان بولۇشىغا قاچان تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلىدۇ؟ ... بۇ بۈگۈن جاۋاب بەرگىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. بەلكىم ئەتىمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما، بىز شۇنداق دەپ جاكارلاشنى بىلىمىزكى، قەيەردە ۋە كىمدە ۋۇجۇد قانۇنلىرىغا ئاسىيلىق ۋە قارشىلىق بولىدىكەن، شۇنىڭغا مۇناسىپ بەدەللىك نېسىۋىلەرگە تېگىشى ھالدا گىرىپتارلىق ھەم بولىدۇ. دەرھەق تەن ۋە روھنىڭ مۇقەددەسلىككە يېتىش تەشنالىقى بار، روشەن نەزەر سالساق، ئەلمىساقتىن بېرى تارىخ بېتىدىكى ئۆتمۈش سەھىپىلەردە يەنە ئەركىن ئۆزلۈك ئۈچۈن تەلپۈنگەن مۇقەددەس روھىي كۈچلەر جەۋلان قىلدۇرغان سان ـ ساناقسىز بايراق بار. تەن بىلەن روھنىڭ چەكسىز ۋە باراۋەر ھالدا شانلىق مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشى ۋە قوشۇلۇشى ئادىمىيلىكنىڭ ئەبەدىيلىك تەلىپى شۇنداقلا مۇقەددەسلىكنىڭ نۇرانە ئۈمىدى!

تەن ۋە روھ ئوخشاشلا پايانى يوق ئۇقۇملار. ئۇلار ئىنساننىڭ ھاياتلىق پوزىتسىيىسى نۇقتىسىدىن بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىش، تېپىشىش ۋە يوققا چىقىرىش خاسلىقى بويىچە مەڭگۈ ئەركىن ۋە بىمالال بولالمايدۇ ھەم ئۆز قىممىتىگە ئەبەبىي نائىل بولالمايدۇ. يەنە دېسەك، پەقەت ئۇلار بىر ـ بىرىنى تەرك ئېتىش بەدىلىگە ئادىمىيلىكنى قۇربان قىلىدۇ. بۇنداق روھ ۋە تەننى بىر ـ بىرىگە مۇخالىپ ۋە قارشى قويىدىغان ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىش ئادەملىكنى بىرخىل ئېغىر بەدەللەرگە شېرىك قىلىدۇ. بىزنىڭ تىلەيدىغىنىمىز ۋە كۈچۈنۈپ تەكىتلەيدىغىنىمىز ئەڭ ئالىي نىيىتىمىزنىڭ يارقىن يۈز ئېچىشىغا ھەشەم بولغان بىردىنبىر ئىجادىيەت ـ ئەركىنلىك. ئەركىنلىك بولغاندىلا، جىمىي مۇقەددەس ماھىيەت ھېكمەتلەر ئەسلىي ئىمكانىيىتىگە يۈزلىنىدۇ ـ دە، ئەزەلىي بار بولغان مۇقەددەسلىك ۋىسال بولۇپ پارلايدۇ...

ئەركىن بىردەكلىك ھەم ئۇيۇشۇش ئاساسىدىكى ئەركىن يۈزلىنىش، ئەركىن تاللاش ۋە ئەركىن ھالقىش تەن بىلەن روھنىڭ ئەركىن ئىمتىيازى! ئادەملىكنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى! بۇ بىر رېئال ھوقۇق بولۇشى كېرەككى، ئۇ تاختىسىبېشىغا ئېلىپ قويۇلغان ياكى چۆرۈۋېتىلگەن، قەستەن چەتنەپ كېتىلگەن ۋە ياكى يەنە ئۆزى ھەم بىراۋلار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان، پايخان قىلىنغان بولماسلىقى كېرەك. بۇ ھەقىقىي رېئال نۇقتىدىن نەزەرگە ئېلىنىدىغان ھوقۇق ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈش، تولۇقلاش ۋە بىر پۈتۈنلۈكنى قۇدرەتلەندۈرۈش رولى بويىچە تەن بىلەن روھقا (ۋۇجۇدىيەتكە) ئالاھىدە ئىمكانىيەتلىك سۈپەتتە ھاۋالە قىلىنغان. تېرەنلىكنىڭ، چەكسىزلىكنىڭ يۈك



ياش يازغۇچى ھۆسەنجان ئابدۇۋېلى، ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇتۇق تىلەيمىز.

سەكىلىكىنىڭ ۋە بارچە كامىللىقىنىڭ قۇدرىتى بويىچە باراۋەر ھالدا ئېزگۈچە خاسلىقتا تويۇنغان. بۇلارنى نازۇك ۋە ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە ئەتراپلىق چۈشەنمەك ۋە روشەن ئىلغا قىلماق لازىمدۇر.

يۇقىرىدا تەن بىلەن روھنىڭ ھاياتلىق پوزىتسىيىسى نۇقتىسىدىكى بىرلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەشۇ بىرلىك فوتېنسىئالىدا ئىنسانىي ماھىيەتلەرنى بويلاپ يۈكسىلىشىنى تەكىتلىدۇق. ھېس قىلىش ۋە شۇ ھېس ئاساسىدا ئۆزلۈكنى تونۇش نۇقتىسىدىن قانائەتكە ئىگە بولۇش بۇ مۇھىمدىن مۇھىم ئىككى نۇقتا. سەن ھېس قىلالىساڭ سېنىڭ سەزگۈلىرىڭ تېخى ئۆز رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلۈكتىن قانائەتكە ئىگە بولالىساڭ، روھىڭنىڭ ۋەزنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام ئادەم بولالىساڭ سېنىڭ تۇيغۇلىرىڭ، كەيپىڭ، خاھىشىڭ، مۇددىئا ۋە ھەرىكەت مايىللىقىڭ قاتارلىقلارمۇ ساغلام كېتىۋېرىدۇ.

تەن ۋە روھ ھەر ئىككىلىسى ھاياتلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى. ئۇلار قارىمۇ قارشىلىقتا ئوت بىلەن سۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي بىر پۈتۈنلىكنىڭ ئۆزئارا جىپسىلاشقان خاس بەلگۈلىرى. ئۇلار ھاياتلىقتا قانداق رول ئۆتەيدۇ؟ ئۇلار ئۆزئارا بىرىكىپ، يۇغۇرۇلۇپ، سىڭىشىپ، مەۋجۇدلۇق ماھىيەتلىرىدە مۇناسىپ ماسلىشىپ ئادەملىكتىن ئىبارەت مۇقەددەس تۇغنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى جەۋلان قىلدۇرىدۇ! ئەلۋەتتە، بۇخىل ئادىمىي كامىللىق ۋە ۋۇجۇدىي ساغلاملىققا ئېرىشىش ئۈچۈن تەن ۋە روھتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلا تەرەپتىن قۇۋۋەت ــ ئېنېرگىيە لازىم بولىدۇ. بۇخىل قۇۋۋەت پەقەت بىز جاھان رەپتارىغا سوڭدىشىپ ئۆزلىكنى پايخان قىلىش ۋە نەپس ئىتنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش يوللىرىغا ماڭمىغان بولساقلا مەلۇم ئېگىزلىكتە تۇرغان ماسسا ئىگە بولغان فوتېنسىئالدەك ۋۇجۇدىمىزدا ۋەزمىن رەۋىشتە مەۋجۇتتۇر.

تەن بىلەن روھ سىرتقى مۇھىتتىن ئۆزئارا تەسىر قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى بىر ــ بىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇلاردىكى ئۆزئارا سىڭىشىش ھاياتلىقنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا ئۆز قۇۋۋەت دەرىجىلىرى بويىچە مۇناسىپ ھالدا ھەمراھ بولىدۇ. يەنى، تەندە روھنىڭ ئىپادىسى بولغاچ، روھتىمۇ تەننىڭ ئىماسى بولىدۇ.

شۇڭا دېمىمىزكى، ھەربىر روھقا بىر تەن ھاۋالە، ھەربىر تەنگە بىر روھ ھىمايە. تەن روھنىڭ ۋاكالەتچىسى، روھ تەننىڭ كاپالەتچىسى.

تۇرمۇش يۇقىرى سۈپەتكە يۈزلىنىشى، ھاياتلىق ئۆز ئورنى، ئۆلچىمى، مىزانى ۋە ئەسلىي سەرامجانلىشىش ھالىتىگە قايتىشى، شۇنداقلا ئادەمدىكى ۋۇجۇدىي قۇۋۋەت ــ پەزىلەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم روھ ۋە تەن ئۆز بۇرجىدىن مۇناسىپ جاي ئېلىشى، ساغلام بولغان تەن ۋە روھ بىرىكتۈرۈلمە مۇۋازىنىتى ۋە فوتېنسىئالىنى ئىشقا ئەشۇرۇش كېرەك. تۇرمۇشنىڭ مەنىسى، ياشاش مۇددىئاسى، ھەرىكەت خاھىشى، ھاياتلىق مېتودى قاتارلىقلار ئەنە ئەشۇ خاسىيەتلىك مۇۋازىنەت ۋە فوتېنسىئال تۈپەيلى تۇرغۇنلىشىدۇ، دائىملىشىدۇ ۋە ئادەت خاراكتېرلىك ۋەزمىن كەيپىياتقا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇددا تېبىئىيكى، خەيرىيەتلىك يۇسۇندىكى بىرخىل ئالىي سۈپەت ۋە ئۈستۈن مۇقام پەيدا بولىدۇ.

بىلىش كېرەككى، كۆنۈككەن تېبىئەتتىن يۇلقۇنماق ۋە ھالقىماق ھامان بۈيۈك بىر جۈرئەت ۋە سىلكىنىشنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۆزلۈككە سادىق يېڭى سۈپەت ۋە ئۈستۈن ساپا تەلەپ قىلىش زۆرۈردىن زۆرۈردۇر ... دېمەك، تەن ۋە روھ مايىللىقلىرى ھاياتلىق مەنزىللىرىدە ھەقىقىي ھېكمەت نۇقتىسىدىن بىرىكىپ يارقىن مەنىگە ئايلىنىشى كېرەك. شۇندىلا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويۇل باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلەر غايەت زور قۇدرەت ۋە كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئۇ تامامەن يېڭىچە ۋىساللىشىشقا ئادىمىيلىكىمىزدىن ۋىجدان، پاراسەت ۋە جۈرئەت سورايدۇ...

تېئورما (تەن +روھ) ×مەنە =ئىجادىيەت.

خۇلاسە بۇ مۆجىزە، بۇ ئېتىقاد، بۇ چىن مەنىسىدىكى ئەسلى ھايات!

(ئاپتور: خوتەن شەھىرى ئۈرۈمچى شىمالىي يولى 29 ــ قورۇدا)

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم

خوتۇنغا ئامراق بالىغا ئۆچ، قايىمقا ئامراق كالىغا ئۆچ

ئايىنسا سۇلايمان

# ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ كۈچلۈكلەردىن قورقمايدىغان، يوۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان مەردانە خاراكتېر ھەممىلا ئادەمدىن تېپىلىۋەرمەيدۇ. بۇ پەقەت ھەققانىيەت ئىگىلىرىگىلا خاس.

▲ ئەخلاق زىنپىلەشكەن جەمئىيەتتە پۇل ھەممىگە قادىر، شەخسىيەت ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

▲ مىللىي غۇرۇر تارىختىن ئايرىدە بولىدۇ. ئۆز تارىخىنى بىلمەيدىغانلاردا غۇرۇر نېمە قىلسۇن!

▲ ئەقىل شىجائەتكە يول كۆرسەتمىسە، يېڭى يوللار ئېچىلمايدۇ، قەھرىمانلار شىجائەت بابىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەۋەككۈلچىلەردۇر. چۈنكى تارىخنىڭ ھەر بېتى تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئىزلىرى بىلەن بېزەلگەن.

▲ ھەقىقىي قەھرىمان مىللىي غورۇرغا تويۇنغان كىشىلەر ئارىسىدا.

▲ ئاياللارنىڭ بەختسىزلىكى — كۆڭۈلسىزدەك ئەر بىلەن تۇرمۇش قۇرالمىغانلىقىدىن بولسا، ئەرلەرنىڭ بەختسىزلىكى ئۆزىنىڭ دىتسىزلىقىدىن بولىدۇ.

▲ بىر پاراسەتلىك ئايال ئۈچۈن ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس، بىر نادان ئايال ئۈچۈن ئائىلە ئىشلىرى ئايىغى چىقمايدىغان چىغىر يول.

▲ ئىلگىرىلەش يولۇڭغا شولا چاچالمىغان مۇھەببەت شەيتاننىڭ قىسمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەگەر كامالەتكە ئىنتىلسەڭ چۈشكۈنلۈككە باشلايدىغان جىمى نەرسىلەردىن قول ئۈز!

▲ ئاجىزلارنىڭ تەرغىپ قىلىدىغىنى — قانائەت، سەۋر ـ تاقەت.

▲ غايىسىز ئەرلەر ئاسانلا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ئەڭ زور مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ غۇرۇرى ئۆلگەن جەمئىيەتتە، ئاياللارنى كۈتىۋالغىنى — تراگېدىيىلىك تەقدىر.

▲ مائارىپنى شەكىلۋازلىق قاپلاپ كەتكەن جەمئىيەت بىر توپ مېخانىك ئادەملەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئۇلار قاپاق بويىنىغا شوينا بولالمايدۇ.

▲ پەرزەنتلىرىڭگە جان بېقىش يولىنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەم بولۇش يوللىرىنىمۇ ئۆگەت! ياشاشنىڭ بالاغىتى —ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئادىمىيلىك كامالىتىدە كۆرۈش ۋە تونۇپ يېتىشتۇر.

▲ نامراتلىق ۋاقتى كەلگەندە، غۇرۇر ـ ۋىجدانىنىمۇ نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ. نامرات ئەلدە غۇرۇرسىز ئەرلەر، ئىپپەتسىز ئاياللار كۆپ بولىدۇ.

▲ ئاقىل بولساڭ ئۇزۇن ياشاش يولىنى ئەمەس، ھەقىقىي ياشاش يولىنى ئىزدە!

▲ جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشنى ئاياللار، ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشنى ئەرلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان.

▲ مىللىي ئەنئەنىلەردىن يىراقلىشىۋاتقان مىللەت — ھالاكەتكە يۈزلەنگەن مىللەتتۇر.

▲ ئەرلەرنىڭ غۇرۇرىنى ئۇنىڭ ئايالىدىن، ئاياللارنىڭ پاراسىتىنى ئەرلەردىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

▲ تۇنگە ئادەتلىنىپ كەتكەن كۆزلەر نۇرلارنىڭ چېقىنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يورۇقلۇقتىن قاچىدۇ.

▲ پادىلارنىڭ ئورۇقلۇقى بىر بولسا چوپاننىڭ دىتسىزلىقىدىن، بىر بولسا ئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ناخشا ـ مۇزىكىنى شادلىق كۈيى دەپلا چۈشەنمە، ئۇ يەنە دەردمەن يۈرەكنىڭ ئاھۇ ـ زارى.

▲ بىكارچىلار كۆپ يەردە غەيۋەت ـ شىكايەت تۈگىمەيدۇ. غەيۋەت ـ شىكايەت تۈگىمىگەن يەردە ئىناقلىق بولمايدۇ.

▲ ۋىدىسىدە تۇرالمايدىغانلار ئاۋۋال ئۆزىنى، ئۇنىڭدىن قالسا باشقىلارنى ھۆرمەتلىمەيدىغان نائەھلىلەردۇر.


پوتگرافى ئەپەندى ئەپما، نادىر فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىزنى بېزەڭلەككىزگە ھەشقاللا!

▲ ھېچكىم ھېچكىمگە بەخت ۋەدە قىلالمايدۇ. ئۇ ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغىدا

▲ ھەشەمەتچىلىكنىڭ باشلاپ كېلىدىغىنى — ناپاكلىق!

▲ ئەرلەر ئاياللارنى كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئايلاندۇرىۋالغاندا، ئۇلار ئالدىقاچان ئاياللارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ.

▲ دوستۇم، تۇرلۇك ـ تۈمەن قىيىنچىلىقلار ئالدىمۇ تىك تۇر، ئىگىلگىنىڭ — سېنىڭ كۆكۈم ـ تالقان بولغىنىڭدۇر!

▲ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ روھىي ـ دۇنياسىنى قامال قىلىۋېلىشتىنمۇ ئارتۇق قەبىھلىك بولمىسا كېرەك.

▲ ئەرلىرى راھەت ـ پاراغەتكە ئامراق ئەلگە نېسىپ بولىدىغىنى — مەھكۇملۇق.

▲ رېستۇران ـ بەزمىخانىلار ئاۋاتلاشقان يەردە، كىتابخانىلارنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشى مۇقەررەر.

▲ ئىيش ـ ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەت ئىنساننى تۇيدۇرماي ھالاك قىلىدىغان ئەڭ چوڭ قاتىل.

▲ تېڭىرقىغانلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى — كېچىكىش!

▲ ئۆزىنىڭ قىز ـ ئاياللىرىنى نابۇت قىلىش كويىدا يۈرگەنلەردە قانداقمۇ غۇرۇر بولسۇن؟ ۋىجدان بولسۇن؟ ئەي، مەخلۇق! سەن قىزلارغا ھاياسىزلارچە سۆزلەۋاتقان ۋاقتىڭدا، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالما!

▲ تەۋەككۇل قىلىشقا پېتىنالمايدىغانلار — قورقۇنچاقلار، ئامال يوق دېيىشكە كۆنۈپ قالغانلار — ئاجىزلار، بۇيرۇغاننىلا قىلىدىغانلار ئۆزىنىڭ قول ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان قۇللاردۇر.

(ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

## دوستلار سەمىگە

ھۆرمەتلىك يازغۇچى، شائىر، مۆھتىرەم ئوقۇرمەن دوستلار، سىز ھەر سان ژۇرنىلىمىزنى ئۈمىد كۆزىڭىز بىلەن كۈزەتكىنىڭىزدە، ژۇرنال سەھىپىلىرىدە ۋە ئەسەر سۈپىتىدە بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەنسىز، ژۇرنىلىمىزغا قانداق ئەسەر ئېبەرتىش ئۈستىدە باش قاتۇرىۋاتقان بولسىڭىز سەھىپىلىرىمىزگە دىققەت قىلغايسىز ھەم ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان سەھىپىلەرنىڭ ئېچىلىشىنى ئارزۇ قىلغان بولسىڭىز شۇ ھەقتىكى نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى، ياخشى تەكلىپ ـ پىكىرلىرىڭىز بىلەن قوشۇپ ئېبەرتكەيسىز.

مۆھتىرەم ئوقۇرمەن «دوستلار، يەنە بىر ئىككى ئايدىن كېيىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىدۇ. ناۋادا ژۇرنىلىمىز سىزنى رازى قىلالىغان بولسا، كېيىنكى يىللىق سانلىرىغىمۇ داۋاملىق مۇشتەرى بولغايسىز ھەم ژۇرنىلىمىزنى خالىس تەشۋىق قىلىپ دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىزنىمۇ ئۆز سېپىڭىزگە قوشۇۋالغايسىز. بىز تېخىمۇ ئەتراپلىق مۇلازىمەت بىلەن سىزنى رازى قىلىشقا تىرىشىمىز، ژۇرنالنى ئورتاق باشقۇرايلى.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈم

# دوستلۇقنامە

## (مۇخەممەس)

تېپەلكەكۈر مەنزىلىم ئىزدەپ كېزەرمەن كۈندە دۇنيانى ،
تىزارمەن قايتىدىن رەڭگە تويۇمدا تاغۇ دەريانى .
ئۇزاقتىن مەن شېرىن ، ئەمما ئازابلىق ئۆي گىرىپتارى ،
ئۆمۈرنىڭ چېكى باركەنۇ ، كۆرۈمنىڭ يوق ئىكەن سانى :
رىيازەت ، دەرد ـ پىراق تاۋلاپ تېنىمنى ئەيلىدى ئالماس ،
ئۆزۈمگە قۇل ـ دېدەكتۇرمەن ، ئۆزۈمنىڭ شاھى ـ سۇلتانى .
سەۋەبسىز بولمىغاي ھېچ ئىش ، كېلىش كەتمەك ئۈچۈن بائىس ،
ئەمەسكەن سىرى ھېكمەتسىز ھاياتنىڭ ھەممە جەريانى .
ئۆزۈمگە نەچچە رەت مۇنداق سوئالنى مەن قويۇپ باقتىم ،
شۇ چاققا كەلگىچە تاپتىڭ ھاياتتىن قايسى مەنەنى؟
نېتەيكى ، تاپقىچە مەنە ئۆمۈر باغىمنى قۇم باستى ،
ئىلاجىم قانچە تەقدىرنىڭ مۇشۇنداق تۇرسا پەرمانى .
جىمىرلار گاھى جىلمايسا تەلەينىڭ يۇلتۇزى كۆكتە ،
پەلەكنىڭ بورىنى قوزتراپ بېغىمنى قىلدى ۋەيرانى .
ئاسايىش كۆرمىدىم ئەسلا ، تىلەپمۇ تاپمىدىم خۇشلۇق ،
ۋەلېكىن ئۆچمىدى دىلدا لاۋۇلداپ ئارزۇ گۈلخانى .
نىچۈنكى ، بىلمىدىم تەقدىر ئەزەلدە تەلىيىم كاجمۇ ،
ۋەيا پۈتكەنمۇ جىسمىمغا داۋاسىز ئىشقى ـ سەۋدانى .
مۇھەببەت دەشتىدە چاڭقاپ جېنىم ھەلقۇمغا يەتكەندە ،
نېسىپ ئەتتى ماڭا تەڭرىم ئۆمۈرلۈك دوستنى ـ ھەمرانى .
ئۇنىڭ مېھرى ـ ۋاپاسىدىن تىرىلدى توڭلىغان تۇيغۇم ،
ئاتا قىلدى مەدەت ـ ئىلھام جۇلالىق ھۆسنى ـ جەۋلانى .
ھوسۇللۇق يازغۇچى دوستۇم تۆت يىلدا تۆت كىتاب يازدى ،
كىتابكى ھەر قۇرى رەڭدار ھاياتنىڭ نەزمە ـ داستانى .
ئەجەب ساز پەيلى ـ راپتارى ، سۇخەنداز ، خۇشپېئىل ، كەمتەر ،
ياشاپ ئۆتسە كىشى شۇنداق قالۇرمۇ دىلدا ئارمانى .
مېنىڭ قۇت ـ تەلىيىم شۇنداق ئېسىل دوستقا ئېرىشكەنىم ،
ئېسىل دوستلۇقتا گۈللەيدۇ ھاياتنىڭ باغۇ بوستانى .
مەگەر جاندىن كېچەرمەنكى ئەقىدەمدىن كېچەلمەسمەن ،
قەسەمبىللا ، دېدىم بۈگۈن ئېلىپ يادىمغا دۇنيانى .
ئەھەدى ئېھتىرام ئەيلەپ ئۇنىڭغا بىر قەدەھ تۇتتى ،
كۆتۈرسە رازىمەن ، ناخۇش ئاغارلاپ بەرسە تىللانى .
نەشەلكەكۈر ساڭا قەلبىمدىن ۋاپادار دىلكەشىم ، دوستۇم ،
ئىلاھىم يەت مۇرادىڭغا ، ۋەتەننىڭ كۈيچى ئوغلانى!

(ئاپتور : خوتەن ۋىلايەتلىك سودا سانائەت بانكىسىدا )

تەھرىرى مەتسېلىم مەتقاسىم

ئەرشىدىن راشىدىن

# ھەر كۈنى

يار سېنى دەپ گۈل تىزارمەن ھەر كۈنى،
يوللىرىڭغا ئىنتىزار مەن ھەر كۈنى.

بىلدۈرۈپ سۆيگۈم ـ دىلىم ئىزھارىنى،
سەن ئۈچۈن خەتلەر يازارمەن ھەر كۈنى.

يوق ئىرور يادىمدا قويغان ـ تۇتقىنىم،
ئەقلۇ ھوشۇمدىن ئازارمەن ھەر كۈنى،

تەندە دەرمان قالمىدى ئاھ ـ ۋاھ چېكىپ،
ۋەسلىگە تەشنالىق ـ زارمەن ھەر كۈنى.

كۆل قىلاي دەمسەن ئىشىق خۇمدانىدا،
بىنەزەر سەن، بىقارارمەن ھەر كۈنى.

باشتا گۈل سۇنغان ئىدىڭغۇ، ئامرىقىم،
ئويلىغان، دەپ گۈل قىسارمەن ھەر كۈنى.

نە گۇناھ ئۆتتى مېنىڭدىن، ئېيتقىنا،
بولغىلى يار، بۇنچە خارمەن، ھەر كۈنى.

بىل نىگارا، سەن ئۈچۈن پەيۋەندىمەن،
گەر كېرەككى، جان نىسارمەن، ھەر كۈنى.

يەتكۈسى خالىس مۇرادىغا چوقۇم،
نا ئۈمىدلىكتىن بىزارمەن، ھەر كۈنى.

(ئاپتور: لوپ ناھىيە، جىيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدىن)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق ئۇستازلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز .

رىھىم نىياز

# ئىككى ساتىرا!

## غۇلغۇلا

بىر خاھىش دەۋر قىسىپ تۇرغاچقا تولا،
ئاممىنىڭ ئىچىدە بوپتۇ غۇلغۇلا.
خىزمەتكە پىكىر يوق، كادىرغىمۇ ھەم،
نارازىلىق ـ شۇ قىلمىش، شۇ ئىللەتكىلا...

غۇلغۇلا ئوبيېكتى ـ نەپسى يامانلار،
قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويماسلار.
گەرچە ئاز بولسىمۇ «بىر قىسىم» ئۇلار،
(بىر كالا مېڭىنى شاتىراقچى قىلار).

بەكمۇ تېز «خىزمەت» دەپ كادىر كەلمىكى،
زۇجالڭ ـ بىر، كېينىدە تۆت ـ بەش ئەمىكى.
تاملارنى بۇيايدۇ كېلىپلا ئىتتىك ـــ
شەكىلگە، ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىق ـ پەملىكى.

ئاڭلىساڭ، سۆزلىرى چىرايلىق ئەجەب،
سۆزلەيدۇ «پاك بولۇش ... دىيانەتلىك» دەپ.
ئالدىغا كەلگەننى ياندۇرماس بىراق،
تۇگىتەر ھەممىنى پاك ـ پاكىزە يەپ.

شۇئارى ـــ«ئىسلاھات يولىدا مېڭىش»،
مەقسىتى ـــ«خەلقنى بېيىتىش...» ئىمىش.
تەئەججۈپ قىلىدۇ ئادەمنى ئەجەب،
ھەرىكىتى ـــچۆپ بەرمەي ئىنەكنى سېغىش.

ئاغزىدا «بېيىتىش» كۆڭلى ـ ئېلىش نەپ،
بەرمىسەڭ، ئېتىدۇ (ئەل ئاغزىدا گەپ).
كۆز قاراش باشقىچە، ھەل بولمايدۇ ئىش،
ھەتتاكى «پىخسىق» قا تاشىدۇ غىزەپ.

ھېچىدە «باھالاش» قىلىدۇ ھە ـ دەپ،
كۇتۇمىز قوي سويۇپ كاۋاپ، شورپا سەپ.
يېسىغۇ مەيلىتى ئۆزى بىر كىشىلىك،
ئالىدۇ «ئۆيگە...» دەپ، زەللىنى يۆگەپ.

شۇلارنىڭ ئىزاسى بولسىمۇ پەقەت،
كۇتمەكلىك ھاجەتتۇر، تۇرۇشۇپ رەت ـ رەت.
ھەممىسى ئويلىشار كېيىنلىكىنى،
كۇتمىسە، تۇرغان گەپ قېقىلىشى چەت.

كۇتۇشكە قوي سويسا، تېخى چىقىنىم ـ دەرت،
سويمىسا؟ ... يۈز تۈۋەن (ئەل ئالدىدا سەت).
ئىچىشى ـــ«ۋۇلياڭيې»، «يىلى تې» پەقەت ...
شۇندىمۇ ھېچقايسى ئاتالمايدۇ «مەرت».

بارغانچە كۇتۇشنىڭ ئۆستى ساپاسى،
بىر ئەمەس، ئون ھەسسە ئۇنىڭ جاپاسى.
كۇتۇشسىز بولمايدۇ پەقەتلا رازى،
تانسا يا مەشرەپتۇر ...نەغمە ـ ناۋاسى.

كۈندۈزى دۈيمۇ ـ دۈي ... (قورساق بالاسى)،
ئالغانچە تۈگىمەس، ئالسا (چالا) سى.
نە خىزمەت توغرۇلۇق ئويلىشار كەچتە!؟،
ھەر كۈنى ئەشۇنداق «خوششا ...» ساداسى.

خىزمىتى دېھقاننىڭ ئالماق «بەر...» مىكى،
كاۋىدىن ماشقىچە يىغىپ تەرمىكى.
تېرىغان دېھقانغا قالدى پېلەكلا،
قالمىدى قوغۇننىڭ ھەتتا خىمىكى.

مۇشۇنداق ئىللەتلەر بولغاچقا تولا،
ئاممىنىڭ ئىچىدە بوپتۇ غۇلغۇلا.
قارشى ئېلىنىدۇ خىزمەت ئۆمىكى،
ئەشۇنداق ئىللەتتىن خالى بولسىلا...

## مەن قىبىل شۇ تاپىمەن

«باشلىق» بولۇپ زوقلىنىپ «كەلدى ئامەت» دەپتىمەن،
بىرسە قوشلاپ سوۋغىنى «ياق» دېمەستىن ئاپتىمەن،
مېنى پۈۋلەپ ئۇچۇرۇپ يورغىلىسا ئالدىمدا،
مەستخوش بولۇپ ماختاشتىن شۇنى«چىن دوست»دەپتىمەن
كۆككە چىقىپ پۇۋدەكتە، چۈشۈشنى بىلمەپتىمەن.

«ھوقۇقدار...» دەپ ئۆزۈمنى ئەمەلىمنى پەش قىلىپ،
بېسىم قىلىپ ئاۋامغا، ئەل كۆڭلىنى غەش قىلىپ،

www.uyghurkitap.com



ئىش ئاقفۇزدۇم ئۆزىمچە تەدبىر تۈزۈپ باشقىچە
«جەرىمانە ...» دېدىمەن، كەلسە ـ كەلمەس ھەق ئېلىپ،
ئاقىل چاغلاپ ئۆزۈمنى «قابىل سەردار» دەپتىمەن.

سۆلتىمدە كىبىرى تون، يۈرۈم مەيدەمنى كېرىپ،
«گۆلىلىك باردا ـ گۆل قىس» دەپ، ئۆزۈمگە تەدبىر بېرىپ.
يەر ئىگىلەپ كەڭتاشا ئايۋان ـ ساراي ئۆي سېلىپ،
ھەق تۆلىمەي بىر سىنىت، يەنە ئارتۇق يەر تېرىپ،
مېھنەت قىلسا باشقىلار، خامانىنى مەن ئاپتىمەن.

كۈندە ئىشرەت سورۇندا ...ھاراق ئىچىپ بولۇپ مەست،
كۆزگە ئىلماي ئاممىنى كۆرۈپتىمەن تۆۋەن ـ خەس،
قويىۋېتىپ نەپسىمنى يالماپ يوتۇپ ھەممىنى،
تۈردى سۆڭەك گېلىمغا، باشتا بولماي مەن پەخەس.
ئەمدى ئۇنى قۇسالماي جاننى قىينىماقتىمەن.

ئەمدى بىلسەم ھەر ئىشنىڭ بولار ئىكەن ھېسابى،
ئۆزىگە چوت سوققاننىڭ بولماس ئىكەن ئىنسابى،
ئاشكارىلاندىم ئاخىرى، چۈنكى ئاممىا ئالدىدا—
سېھرى تونلۇق جىنىمگمۇ يىرتىلىدىكەن نىقابى...
ئەمدى پۇشمان، مىڭ ئەپسۇس! ...بەك خىجىل شۇ تاپتىمەن.
(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

مەدرىسى مەسىيت قەدىناس

# قاپلان قەسىدىسى

(شائىر ئىرشىدىن راشىدىن ئىجادىيىتىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

تىلەك ۋەسلىنىڭ، كۈچۈڭ ئوخشاپ گويا قاپلان، قىران شىرغا،
قەلەم ئالدىڭ، قەدەم ئالدىڭ ئىزىڭ يەتتى قىرىق قىرغا.

سېلىپ كۆۋرۈك، ياساپ ئۆستەڭ ئاڭا زۇمرەت ئېقىتتىڭسەن،
شۇڭا سۆيگۈ تاشار دىلدىن سېنىڭدەك ئوت يۈرەك پىرغا.

دەۋر قىلسا يۈرۈش قايدا، ئاڭا تۇردۇڭ ھامان تەييار،
قوشۇلدۇڭسەن بولۇپ يالقۇن ۋەتەن ئېيتقان ناۋا ـ جىرغا.

مېڭىپ مەشرەپ ئىزى بىرلەن يېزىپ چىقتىڭ تالاي ئەشئار،
بېرىپ خاتىم «بەسى مۇشكۇل غەزەل يازماق» دېگەن سوۋغا.

سېنىڭ ھەربىر سۆزۈڭ خۇددى بولۇپ قاشنىڭ قىيانىدەك،
غەزەپ بىرلەن سوقۇپ قىرغاق، قورام ئاتتى سېسىق كىرغا.

تۇرۇپ ئەل ـ يۇرت بىلەن سەپتە، ئادا قىلدىڭ ۋەتەن ئەھدىن،
ئاچالماي تىل شاياتۇنلار، بويۇن ئەگدى زەبەر ـ زىرغا.

تىزىپ ئۈنچە، گۆھەر ـ مارجان جۇلا قىلدىڭ يۈرەكلەردە،
ئېچىلغان گۈل ـ ئىجادىڭنىڭ باسار ۋەزنى تۈمەن گىرغا.

قەدەم ئالغىن يەنە ئالغا، ياراتقىن باغ ـ گۈلۈستاننى،
تىلەيمىز قۇت، ئامانلىقنى ساڭا مەڭگۈ ئۇلۇغ پىرغا.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

# «غەربىي دىيار تانسىخانىسى»دىكى سۆھبەت

(فېليەتون)



ئەخمەتجان ئابدۇللا

ئۆتكەن ھەپتە غەربىي دىيار تانسىخانىسىنىڭ خوجايىنى تاڭ سىڭ ھەزرىتىم بىلەن ئالدىن كېلىشىپ قويغۇنۇم بويىچە قىسقىغىنە سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

— كەمىنە، ھەزرەتلىرىنىڭ ئىخلاسمەن دىنىي مۇرتى تۇرۇقلۇق، چىن ئەقىدىلىك ساۋاب يولىدىن ۋاز كېچىپ غەرب ئۇسلۇبىدىكى بۇددا تانسىخانىسىغا مەبلەغ سالغانلىرىغا ھەيران قالدىم. ھەزرەتلىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ كەسىپكە قىزىقىپ قالغانلىقىنى ئەسلا بىلەلمىدىم. مۇشۇ ھەقتە بىر نېمە دەپ بېرەلەملا؟

تاڭ ھەزرەتلىرى قولىدىكى تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغاچ سۆز باشلىدى:

— مەن ئۈچ شاگىرتىم بىلەن غەربىي يۇرتتىن نوم ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىغا سازاۋەر بولۇپ، تۆھپىمىزگە يارىشا ئىنئام ئالدۇق. باشتا خان ئوردىسىدا نوم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇددىنىڭ خاسىيىتىنى تەشۋىق قىلدۇق. كېيىن جىددىي خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن پېقىر چىمەنتاغ بۇدخانىسىغا باش راھىپلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندىم. بۇددىزىم يولىدىكى خالىس سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۈچ يىل بولغاندا، بۇددىمىزنىڭ ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملاش ئىسلاھاتىدا بۇدخانىمىز خانلىق بۇدخانىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز شەرەپ بىلەن خىزمەتتىن چېكىنىپ ئىشسىز قالدۇق.

بىر مەزگىل خىزمەت ئىزدىگەن بولساقمۇ، مۇۋاپىق خىزمەت تېپىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئىش بېجىرىشنىڭ رەسمىيىتى ئۆز ۋاقتىدىكى «يول خېتى» ئېلىشتىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كېتىپتۇ. سوۋغا ـ سالام بولمىسا ئارمان دەرمانغا يەتمەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە بۇ كەسىپكە مەبلەغ سالدىم.

— ئاڭلىسام، سىز دەسلەپ غەربكە نومغا ماڭغاندا ئۆلسەممۇ بۇددا يولىدىن يانمايمەن دەپ قەسەم قىلىپتىكەنسىز، بۇدخانىدىكى خىزمەتتىن ئايرىلىپلا لەۋزىڭىزدىن يېنىۋالسىڭىز بولارمۇ؟

— بولمايدىغان نېمىسى بار، سىزگىمۇ مەلۇم، دەۋر ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىدىكەن، پېقىر دەۋرنى چۈشەنگەندىن بۇيان ئىدىيەمدە ئالەمچە بۆرۈلۈش بولدى. ھەممە بىلىدۇ، مەن ۋەز ئېيتقان چاغدا كىشىلەر ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى. ھازىر ۋەز ئېيتسا ئەرلەر پۇشۇلداپ ئۇخلايدىكەن. ئاياللار پوپايكا توقۇغاچ غەيۋەت قىلىدىكەن. نېمە دېسە، ئاتام ئېيتقان بايىقى ...قىمىسقىمىسى، ھەممىسى شەكىلۋازلىق، قۇرۇق گەپ سېتىش.

ئويلىسام ئۆتمۈشۈمگە قاتتىق ئېچىنىمەن. 14 يىل جاپالىق پىيادە يول يۈرۈپ بىھۇدە ئاۋارە بوپتىمەن. كۆرىۋا-

www.uyghurkitap.com



تىسىز، ھازىر بىر نەچچە كۈندە نوم ئەمەس، نوم جىلىتلىرىنى تۈزگەن شەخسنىمۇ يۇرتىمىزغا ئەكەلگىلى بولىدىغان بولۇپ كەتتى...

—ھازىر بارچە ئەلدە ئەمەلدارلار ئۆز يېقىنلىرىنى يېنىغا تارتىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتسا، ئەجەبا سىز خان ئىنىسى تۇرۇقلۇق خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇپسىز، بۇ ئىشتىن تالىق پادىشاھى خەۋەرسىز ئوخشىمامدۇ؟

—ئەلبەتتە خەۋىرى بار. دىيارىمىزدا خاننىڭ يارلىقىسىز خوراز چىللىمايدۇ. بۇ ئىشتا ئۆزۈم كەتكۈزۈپ قويغان. ئوردىدا نوم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغلىرىمدا ئوردا رىستورانىدا بىر نەچچە قېتىم قاتار چاي بەزمىسىگە داخىل بولدۇم، مەن ئەسلىدە قاتار چايدا نوم تەتقىقاتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغۇدەكمىز دەپ ئويلىغان. لېكىن بۇنداق سورۇنلاردا ئوردىدىكى بارچە ئەمىر - ۋەزىرلەر پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ ھاراق، مەيزاپ ئىچىشىدىكەن. ئۆز قىزىدەك كىچىك چۆرە - كېنىزەكلەرنىڭ ئىنچىكە بەللىرىنى تۇتۇپ شەھۋانى نەپسىنىڭ قەدىمىي بوستانلىقىدا سەيلە قىلىدىكەن. سورۇندىكى لاۋزا چاقچاقلارنى دېمەيمىز تېخى...ئۇلارچە بولسا مەنمۇ ئىچسەم، چەكسەم، چوكىدەك ئىنچىكە بەللەرنى تۇتۇپ، پۇت - قولۇمنىڭ قۇلۇشىنى چىقارسام بولارمىش.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئىدىيەم قاتمال بولغاچقا، ھە دېسىلا بۇددا ئەقىدىسىنىڭ قائىدە - ھۆكۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، نوم روھىدىن ۋەز ئېيتىپ يۈرۈپتىمەن. بەلكىم سىزمۇ تېلېۋىزوردىن كۆرگەنسىز. 10 نەچچە يىل جاپادا تاغ داۋان ئېشىپ 81 مۇشكىلاتنى يېڭىپ «جىسمانى» ئالۋاستىلارغا يەم بولماي كېلىپ، بۇ يەردە بۇددىنى تەرك ئېتىپ روھى ئالۋاستىلارغا تۇتقۇن بولسام ھەممە ماڭا لەنەت كۆزىدە قارىمامدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، مەككىنى زىيارەت قىلىپ ھاجى بولۇپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلىماي دىنىي شەرىئەتكە مۇخالىپ ئەقىدە قىلغۇچىلاردىن نارازى بولىۋاتقانلارمۇ كۆپقۇ.

ئەگەر مەن ئەيشى - ئىشرەت، ناز - جىلۋىنى ئارمان قىلغان بولسام ئاياللار دۆلىتىدە قالمامدىم. شۇنداق قىلىپ مەن ھاراق - مەيزاپ ئوتلاشتا، دىسكو - تانسا ئويناشتا خانغا ئۇلپەت بولالمىغاچقا، قاتار چاي تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلۈپ تاشلاندىم. بارا - بارا خان بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يىراقلىشىپ كەتتى. كېيىن بۇدخانىغا باش راھىب بولۇپ تەيىنلەنگەندە يول يىراق، قاتناش قولايسىز بولغاچقا، خاننى ۋاقتى - ۋاقتىدا يوقلاپ تۇرالمىدىم. مۇناسىۋەت دېگەنمۇ ياغلاپ تۇرمىسا غىچىرلاپ قالىدىغان ھارۋا چاقىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ بىلىسىز، پېقىرنىڭ تالىق پادىشاھى بىلەن ھېچقانداق قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى يوق. سىزگە باشقىلارنىڭ ھاجىتى چۈشسە چوڭلارغا ئۇكا، كىچىكلەرگە ئاكا بولىدىكەنسىز، ھاجەت راۋا بولسا ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدىكەن...

تالىق سىڭ ھەزرەتلىرىنىڭ بايانى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا يەنە سۆز قىستۇردۇم:

—باشقىلار ھەزرەتلىرىنى تانسىخانا ئېچىش پىلانىنى نومغا بارغاندا كۆڭلىگە پۈكۈپ كەپتىكەن دېيىشىدىكەن. سىز بۇ گەپكە قانداق قارايسىز؟ سىز بۇ كەسىپنى راستىنلا غەرب دۆلەتلىرىدىن قوبۇل قىلغانمۇ؟

—يۇقىرىقى گەپلەر جەمئىيىتىمىزدىكى كىگىزدىن قىل تىرىدىغان

پىتنىخورلارنىڭ قۇرۇق بوھتانى. مېنىڭ نومغا بېرىپ - كېلىش جەريانىدا ئۆزۈمنى ئەيش - ئىشرەتتىن، شۆھرەت بالاسىدىن يىراق تۇتقانلىقىم ھەممىگە مەلۇم. ئۇ ۋاقىتلاردا مەن قىزلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈش تۇگۇل، ئايال زاتى بىلەن بىللە تاماق يېيىشتىنمۇ قورقاتتىم. ئەمدىلىكتە ھەر يىلىم 365 قىز بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ دېسەم لاپ بولمايدۇ.

كېيىنكى مەسىلىگە كەلسەك، مەن بۇ كەسىپنى تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن قوبۇل قىلغان. بۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى. ئەنە قارالڭ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شامىلىغا ئەگىشىپ، يېڭى بىر ئىجتىمائىي كەلكۈننىڭ لاي - لاتقىلىرى ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى كۆمۈپ تاشلىدى. ئەنئەنىگە يات «سېرىق» مەدەنىيەتنىڭ ئەسەبىي مۇخلىسلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ، كىشىلەر قارىغۇلارچە تاۋاپكارغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ سۈنئىي ئېسىلزادىلەرگە ئارمىنىغا توشلۇق كۆڭۈل ئېچىش مۇھىتى بولمىسا بولمايدۇ. ئۇلار ئاللىقاچان غەربنىڭ ھەرەڭ - سەرەڭ جاز مۇزىكىلىرىغا خۇمار بولۇپ، غۇۋا چىراغ ئاستىدا ئەسەبىي كۆڭۈلگە تەسەللى ئىزدەشكە كۆنۈپ قالغان. دېمەك، جەمئىيەت ئۇستاز، بىز ئۆگەنگۈچى. مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىش مېنىڭ ئىجادىيىتىم ئەمەس، مەن پەقەت «ھايىنى - شىرىك» مەبلەغ سالغۇچى.

— ھازىر جەمئىيەتتە ئەقىللىق مەدىكارلار ئىش ئىزدەپ يوقسۇزلۇق چۆلىدە ھالسىراۋاتىدۇ. ئۈچ شاگىرتىڭىز ھېلىمۇ سىز بىلەن بىللىمۇ؟ ياكى...

— قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ، ئېغىر كۈنلەردە بىرگە بولغان ھەمراھلاردىن ئايرىلىشقا كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنايدۇ. مەن سۈن ۋۇكۇڭدىن بىر نەچچە قېتىم ئايرىلىپ كۆپ پۇشايمان قىلغان ئادەم. ئۇلار ھېلىھەم يېنىمدا. سۈن ۋۇكۇڭ ئۆتكەن يىلى جامبازلار ساھەسىنىڭ كالتا پەشۋا كەسپىدىكى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، چىمەنتاغدىكى مايمۇنلار ئەترىتىگە باش بولۇپ، تانسىخانىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. جۇباجېي بېزەڭلەر دۆلىتىنىڭ بىكار تەلەتلەر شەھىرىدە خەلقئارالىق دىسكو - تانسا، مۇزىكا پەنلىرى بويىچە كەچكى كۇرۇستا تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. شاسىڭ تانسىخانىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغاچ، تانسىخانىدىكى مۇزىكا چېلىش، ناخشا ئوقۇش بىلەن ئالدىراش. ئۇ ھازىر يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئاق بوز ئاتقا كەلسەك، ئۇنى ئىشسىز يۈرگەن چاغلاردا باشقىلارغا 10 يىللىق مۆھلەتتە ئىجارىگە بېرىۋەتكەن. ھازىر قايتۇرۇپ ئېلىشنىڭ يولىنى مېڭىۋاتىمەن.

— ھەزرىتىم جۇ ئەپەندىمنى مەخسۇس تەربىيىلىۋاتقانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ كەسىپكە مەبلەغ جۇغلاش ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك نىشانى ئوخشىمامدۇ؟

— توغرا دېدىڭىز، يېقىندا جەمئىيەتتىن داڭلىق ئىقتىسادشۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ، تانسىخانىنىڭ يېقىنقى 10 يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى تۈزدۇق. پىلانىمىزچە بولسا بۇ يىلنىڭ ئاخىرغىچە تانسىخانىنىڭ مۇلازىمىتىنى پۈتۈن دىيارىمىزغا يۈزلەندۈرۈپ، ھەر قايسى رايونلاردا تارماق تانسىخانىلارنى بەرپا قىلىمىز. چىمەنتاغدىن بويىغا يەتكەن قىز مايمۇنلارنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، «ئۈچكە ھەمراھ خېنىم» قىلىپ تەربىيىلەپ، مۇلازىمەت سۈپىتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز. شۇ كەسىپنى ئىشتىن سىرت ئۆگىنىۋاتقان جۇباجېينىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇشۇ ساھەگىمۇ يۈرۈش قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارلىقىمىزنى مۇشۇ كەسپكە بېغىشلايمىز.

— دوستۇمنىڭ دېيىشىچە يالقۇنتاغ دىيارىدا سىز ۋە شاگىرتلىرىڭىز توغرىسىدا نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەر بوپتۇ. بەلكىم بۇ گەپ ـ سۆزدىن سىزمۇ خەۋەر تاپقانسىز؟

— ئۆتكەن ھەپتە خەۋەر تاپتىم، بىز غەرب سەپىرىدە يالقۇن تاغ باغرىدا بىر ئىككى كۈن تۇرغان. ئاڭلىسام ئۇ تاغ باغرىدا خەلقئارالىق ساياھەت رايونى بەرپا قىلىنىپ چەت ئەللەردىن كەلگەن بۇددا مۇخلىسلىرى پېقىرنىڭ روھىنى سېغىنىپ خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىپ يۈرگۈدەك. بەزىلىرى ئاق بوز ئاتنىڭ تېزەكىنى بوينىغا تىلتۇمار قىلىپ ئېسىۋاپتۇ. تەرەپ ـ تەرەپلەردە ھەيكەللىرىمىزنى تۇرغۇزۇپتۇ.

تۇنۇگۈنكى تور خەۋىرىگە قارىغاندا، شۇ يەرلىك مالچىلار تاغ باغرىدىن بىزنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاياغ ئىزىمىزنى تېپىپ چىقىپتىمىش. ئۇلارنىڭ نامى «دۇنياغا مەشھۇر ئاخىلوگلار قامۇسى» غا كىرگۈزۈلۈپتۇ. ئۇلار تاغ باغرىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلاشقاندا پېقىرنىڭ ئىزىنى تاپالماي «تاڭ سىڭ ئەسلى ئۇچالايدىكەن، ئۇ قەستەن پىيادە يول يۈرۈپ دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتماقچى بولغان» دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. مەن ئاتقا مىنىۋالسام ئەلبەتتە يەرگە ئىزىم چۈشمەيدۇ ـ دە. دېمىسىمۇ ھازىر نەچچە مىڭ كىلومېتىر يولنى پىيادە ماڭسا دۇنيا جىنىس رېكوتى ياراتقانلىق گۇۋاھنامە بېرەرمىش. بۇ مەن باسقان مۇساپىنىڭ 1/4 گىمۇ توغرا كەلمەيدىكەن.

— ئەسلىدە سىزدىن سورىسام بولاتتى. سىزنىڭ مال ـ دۇنياغا كۆز قىرىڭىزنى سالمايدىغان پاك ـ دىيانەتلىك ئىسىل پەزىلىتىڭىز ھەممىمىزگە مەلۇم. لېكىن سىزنىڭ شۇنچە كۆپ مەبلەغنى...

تاڭ ھەزرەتلىرى ئېغىزىدىكى تاماكا ئىسىنى يېنىك پۈۋلىۋېتىپ، مېيىقىدا كۈلگىنىچە سۆز باشلىدى:

— سىز مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىماقچىغۇ. ئەسلىدە بۇنى ھېچ كىشىگە تىنماسلىق نىيىتىمگە كەلگەنىدىم. لېكىن سىز سوراپ قالدىڭىز. تانسىخانىنىڭ دەسلەپكى ئۇل مەبلىغى ئۆز ۋاقتىدا چىمەنتاغ بۇددخانىسىنىڭ خەيرى ـ ساخاۋەت پۇل ـ پۇچەكلىرىدىن خانلىق مالىيىگە مەلۇم قىلماي، شەخسىي ھېساۋاتىمدا قالدۇرۇپ قويغان قىسمىنىڭ ئۆسۈمىدىن، شۇنداقلا كىچىك بولسىمۇ ھوقۇقىنىڭ شۆھرىتىدىن كەلگەن. كېيىنكى تەرەققىيات مەبلىغىگە كەلسەك، بۇرۇن بۇددا كاساياسىغا ئورۇنۇپ نۇرغۇن خان ـ ئايىم، ئاغچا ـ خېنىملارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغانمەن. ھازىر كۆپىنچە ئەرلەر پۇل ـ ھوقۇق رىقابىتى، كەچكى زىياپەت ھەلەكچىلىكى بىلەن ئىللىق ئائىلىسى، ھالال ئايالىدىن تېنىۋاتىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ مەبلەغ جۇغلاشتىكى ئاساسىي تاكتىكام. دېمەكچى بولغىنىم تانسىخانىمىزدىن كۈندە دېگۈدەك ئېسىلزادە خانىملار، نى ـ نى ئەركەك ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرى ئۈزۈلمەيلا تۇرىدىكەن پۇل دېگەن شۇ. بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ قويساق...

تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان تېلېفون سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. تاڭ سىڭ ھەزرەتلىرىنىڭ كەچكى زىياپەتكە بارىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، سۆھبىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئامالسىز خوشلىشىشقا مەجبۇر بولدۇم.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

خوتەن شەھىرىدىكى «شەرق كىتابخانىسى» نىڭ تىجارىتىگە بەرىكەت تىلەيمىز!



# قەدىمقى نىيىنىڭ سىرىنى ئىزدەش

جۇمەنىياز تۇرسۇن، مەتكېرىم ئىسمائىل

## 1. نىيانىڭ چۈشى

ياپونىيىلىك يازغۇچى چىنتىيەن دازۇ ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس ئالىم تاڭ يىنبىدىن: «سىز تارىختىكى قايسى ۋاقىتتا؟ قانداق يەردە قايتا تۇغۇلۇشنى ياخشى كۆرىسىز؟» دەپ سورىغان. تاڭ يىنبى «مىلادىيە ئەمدى باشلانغان بىر يەردە تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ يەر ھىندى مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، پىرسىيە، ئىران مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى گىرەلەشكەن (قوشۇلغان) بىر جايدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

نىيا قۇم دېڭىزىغا غەرق بولۇشتىن ئىلگىرى، تاڭ يىنبى تەسۋىرلەپ ئۆتكەنگە ئوخشاش سىرلىق ھەم گۈزەل، لىرىك شائىرنىڭ رومانتىك ئارزۇسىغا ئوخشايتتى. كىشىلەر دۇنيانىڭ شەرقى بىلەن غەربىي ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ بىر ئۆتۈشمە يولنىڭ مەغرىپ بىلەن مەشرىقنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇزاق يىللىق ئىس ـ تۈتەك، ئوت ـ چۆپ ۋە كۆچمە قۇملار ئىنسانلارنىڭ ئىزىنى كۆمۈۋەتكەن، ھېچكىممۇ يىراق قەدىم زامانىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. يەنى شەرق بىلەن غەربنى ئاتلاپ ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇق، دېڭىز، تاغ ـ دەريا، قۇم دېڭىزى قاتارلىقلارنىڭ مەنزىرىسىنى سۆپەتلەپ بېرەلمەيدۇ. 100 يىل ئىلگىرى كىشىلەر تەكلىماكان قۇملىقىدا تويۇقسىز نىيا قەدىمىي شەھىرىنى بايقاپ قالدى. كىشىلەر يەنە 100 يىل سەرپ قىلىپ بۇ دۆۋە ـ دۆۋە قۇملارنى يۆتكەش ئارقىلىق نىيا خارابىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. «جۇلالىق شەرق يىپەكى، ئۇچۇپ تۇرغان يۇنان ئىلاھى، جىمجىت سۈكۈتتىكى ھىندى بۇددا ھەيكىلى، ھېچكىم يېشىپ بېرەلمەيدىغان قەدىمى يېزىق، سىرلىق نىيا كىشىلىرىنىڭ مومىيالىرى···» دۇنياغا كۆز ئاچتى.

نىيا بولسا تاڭ يىنبى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قايتا تۇغۇلماقچى بولغان يېرى. شائىرلارنىڭ داستانلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ قونالغۇ جايى ئىدى.

لېكىن بۈگۈنكى نىيا، تۆت ئەتراپى پايانسىز قۇم دېڭىزى، ھەممە يەر جىمجىت، تىمتاس، بۇنداق كۆرۈنۈشتىن نىيا بىرخىل چۈشكە ئوخشايدۇ، قۇملۇقتا دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئېزىتقۇغا ئوخشايدۇ.

نىيا تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئادىمزات يوق، سۇ يوق، يېشىللىق يوق بىر دۇنيا. بىز دائىم كۆرىدىغان خەرىتىدە ئۇنىڭ بەلگىسى بولۇپ باقمىغان، ئۇيغۇر تىلىدا «نىيا» (يىراق، يەتكىلى بولمايدىغان، بارسا كەلمەس يول؛

ھېچكىم سىرنى ئاچالمايدىغان يول) دې-
گەن مەنىسى بار. بۇ يەر باشقىلار تەرى-
پىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن جاي. پەقەت
بوۋىلار بالىلارغا غەلىتە چۆچەكلەرنى
ئېيتىپ بەرگەندە ئاندا ـ ساندا تىلغا ئا-
لىدىغان تىلسىملىق ماكان. بۇ يەردە
چىۋىن، پاشا، چاشقان، بۆرە يوق. بار
بولغىنى قۇرۇپ كەتكەن توغراق ئورمان-
لىقى، ئېگىز ـ ئېگىز دۆڭلەرگە يەر-
لەشكەن قاقشال يۇلغۇنلار، كوچىمە قۇمدا
ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان قەدىمىي
ئۆيلەر، بۇددا مۇنارى، يەنە سىرلىق
قۇملۇق ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تاۋۇتلار ۋە
سۆڭەكلەر، قەدىمىي باغ، ئېرىق ـ ئۆس-
تەڭ، كۆۋرۈك، ئېتىزلىقلار بار.

100 يىللىق تەكشۈرۈش، قېزىش
داۋامىدا شۇنداق يەكۈن چىقىرىلدىكى،
نىيا خارابىسى بولسا خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى مەشھۇر بوستانلىق دۆلىتى
«چادوتا» (ئوغايبالىق) 精绝国 نىڭ
ئورنى ئىكەن. «خەننامە غەربىي يۇرت
تەزكىرىسىدە، 480 ئائىلە، 3360 نوپۇس،
500 يارامىلىق لەشكىرى بار» دېيىلگەن بۇ
دۆلەتكە هازىرقى نەزەر بىلەن قارىساق،
« نىيا دۆلىتى » پەقەتلا بىر كىچىك دۆ-
لەت. لېكىن 2000 يىل ئىلگىرىكى تا-
رىخقا سېلىشتۇرغاندا ئانچە كىچىك ھې-
سابلانمايدۇ. بۇ دۆلەت زېمىنى قەدىمكى
زاماندا كارۋانلار ئۆتمىسە بولمايدىغان جاي
ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەر غەرب بىلەن
شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلغان
جايى بولغان. نەپىس ئىشلەنگەن يىپەك
توقۇلمىلار، قەندىھار سەنئىتى ۋە كا-
روشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، ھا-
زىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن ئولتۇراق
ئۆيلەر ۋە بۇددا مۇنارلىرى ھەممىسى «-
نىيا دۆلىتى» نىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنى-
يەت جەھەتتە خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە
يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ غەربىي

خەن دەۋرىدە بىر مۇستەقىل دۆلەت ئىدى،
مۇھىم يەرگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن
شەرقتىكى چوڭ دۆلەت پىشامشان ۋە
غەربتىكى چوڭ دۆلەت ئۇدۇننىڭ دائىم
تالىشىدىغان يېرىگە ئايلانغان. ئىلگىرى
كېيىن بولۇپ پىشامشان، ئۇدۇن تەرى-
پىدىن قوشۇۋېلىنىپ ئۇلارنىڭ تەۋەسى-
دىكى ناھىيىگە ئايلانغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىدىن ۋېي،
جىن دەۋرىگىچە نىيانىڭ ئىقتىسادىي
مەدەنىيىتى ئىنتايىن گۈللەنگەن، ئوت-
تۇرا ئاسىيادا غەرب بىلەن شەرقنىڭ مە-
دەنىيەت ئالماشتۇرۇلىشىدا ئىنتايىن مۇ-
ھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئالىملار تەرىپىدىن قەدىمكى يى-
پەك يولىدىكى «بىر مەرۋايىت» دەپ ئا-
تالغان. غەربىي جىن دەۋرىدىن كېيىن
نىيا مەدەنىيىتى ئاستا ـ ئاستا هالاك بو-
لۇشقا يۈزلەنگەن. نىيا شەھىرى ئاستا ـ
ئاستا ئادىمىزات بولمىغان، قۇم يۆتكى-
لىپ تۇرىدىغان چۆل جەزىرىگە ئايلىنىپ
مۇگدەپ ـ مۇگدەپ ئاستاغىنا ئۇيقۇغا
كەتكەن.

قەدىمكى نىيا خارابىلىقى نىيا نا-
ھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 120 كىلومې-
تىر يىراقلىقتىكى تەكلىماكان قۇملۇقى
ئىچىگە جايلاشقان. مىلادىيىدىن بىر
نەچچە ئەسىر بۇرۇن بۇ ماكان تۆپرىقى
مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپلىرى
بولۇق ئۆسىدىغان، بۇكباراقسان ئورمان
بىلەن قاپلانغان، توپ ـ توپ پادىلار ياي-
لايدىغان، باغۇ ـ بوستانلىق ئاۋات يۇرت-
لارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ماكاندا ياشايدىغان
ئەجدادلىرىمىز ئۆز ماكانلىرىنى گۈللەن-
دۈرۈش يولىدا هارماي ئەجىر سىڭدۈرۈپ،
ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت
بەرپا قىلغان. بىراق كېيىنكى ئەسىر-
لەردە تارىم ئويمانلىقىنىڭ هاۋاسى قۇر-
غاقلىشىپ، بۇ جايغا كېلىدىغان سۇ

مەنبەسى ئازلاپ، بوران كۆچىيىپ، ئاقما قۇملار بوستانلىقلارنى بېسىپ كېتىشى ۋە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر، يېغىلىق، ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن بۇ ماكاندا ياشىغان ئاھالىلار ئۆز يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

2 . شەرقتىكى «پومپېي قەدىمكى شەھىرى»

مىلادى 79 ـ يىلى ۋېزوۋىيې يانار تېغىنىڭ پارتلىشى سەۋەبىدىن، قەدىمكى رىم شەھىرى پومپېي يانار تاغ لاتقىلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ تاشلانغان. 18 ـ ئەسىردە باشلانغان 100 يىللىق قېزىپ تەكشۈرۈش قايتىدىن بۇ شەھەرنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرگەن. مۇشۇ ۋاقىتتا شەرق قەدىمكى ۋەسىقىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى غەرب (ياۋروپا) كە تارقىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن «شەرقىي پومپېي» شەھىرىنىڭ قىياسى شەرقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان. ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگ ستەيىننىڭ شەخسىي ئارزۇسى، ھۆكۈمەتنىڭ شەرققە كېڭىيىش پىلانى ۋە ياۋروپا شەرقشۇناس ئالىملىرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ستەيىن شەرققە قىلغان سەپىرىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئۇيقۇدا ياتقان نىيا قەدىمىي شەھىرىنى تېپىپ «شەرق پومپېي شەھىرى» نىڭ ھەرگىزمۇ ئويدۇرۇلۇپ چىقىلغان سۆز ـ چۆچەك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

(1) ھەيۋەتلىك تەكلىماكان قۇملىقىنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن قۇرغاق، بۇ قۇملۇقتا قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق بولغان توغراق، يۇلغۇنلارمۇ ھەم شورلۇققا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەرمۇ ناھايىتى تەستە ياشىرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق مۇھىت ئىچىدە كىشىلەر ئىلگىرىكى ئىنسانلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياشاش مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەت مەيدانى، تىرىكچىلىك قىلىدىغان مۇنبەت تۇپراق ئاچقان. بۇ مەنزىرە قۇملۇقتا خۇددى دانە ـ دانە كۆك، يېشىل قاشتېشىنى چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، شۇڭلاشقا كىشىلەر چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۇلارنى قۇملۇقتىكى «بوستانلىق» دەپ ئاتايدۇ. بۇ پارچە ـ پارچە يېشىللىق، ئۆزئارا ئۇلىنىپ بىر يول ھاسىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى، قۇملۇقتىكى بوستانلىق يولى ھاياتى كۈچكە ئىگە بولغان. ئەمما دەھشەتلىك مۇھىتنىڭ كىشىلەرگە قالدۇرغىنى پەقەت ئېچىنىش ۋە تەشۋىش بولدى. نىيا تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن تىلسىملىق شەھەر، ئۇ نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك ئالىملارنى، مۇتەخەسسىسلەرنى، ئارخېئولوگلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ 100 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدۇردى. ئاخىرى ئۈستىگە يېپىنغان سىرلىق چۈمپەردىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئاچتى. توغراق بولسا دۇنيادا تەكلىماكانغا سىموۋۇل قىلىنىدىغان قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، شورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، قۇم بورانغا قارشى تۇرالايدىغان دەرەختۇر. ئۇ زېمىستان سوغۇق قىش، پىژغىرىم ئىسسىق، يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى ئاران نەچچە ئون مىللىمېتىر كېلىدىغان ناچار تەبىئىي شارائىت ئىچىدە ئۆسىدىغان دەرەخ بولۇپ، «قۇملۇق پەلۋان» ى دەپ ئاتالغان. ئۇ ياخشى ياغاچ ماتېرىيالى، قۇم بوران توسىدىغان ئەڭ مۇستەھكەم تەبىئىي قۇملۇق ئورمىنى. يەرلىك كىشىلەر توغراقنى قۇملۇقتا 1000 يىل ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ، 1000 يىلدا ئۆلىدۇ، كۆمۈلسە قۇم ئاستىدا يەنە 1000 يىلدا چىرىيدۇ دەپ ئېيتىدۇ. بىپا-

يان قۇملۇقتىكى توغراقلار قۇملۇقتا خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

چوڭ مازارلىقلار نىيا خارابىسىغا ئەڭ يېقىن كىرىش ئېغىزىدىكى نىيا بازىرى ئاھالىلىرى بولۇپ، «نىيە» دېگەن نام بولسا ئەشۇ قەدىمكى نىيا خانلىقىنىڭ نامىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەخمىنەن 300 يىل ئىلگىرى، چوڭ مازار كەنتىدىكى بىر قىسىم ئاھالىلار نىيا دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ ماڭغان ھەم شۇ يەرگە ماكانلىشىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ ھازىرغىچە ياشاپ كەلمەكتە. چوڭ مازارلىقلار ئاڭلاشلارغا قارىغاندا نىيا خارابىسىدىن شۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىكەن.

قەدىمكى نىيا ئاھالىلىرى قوللانغان يېزىق ھازىر بىز ئاتاپ كېلىۋاتقان «كاروشتى» يېزىقىدىن ئىبارەت. بۇ يېزىق ھازىرقى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە تا بۈگۈنگە قەدەر تەس تەرجىمە قىلىنىدىغان يېزىقتۇر.

نىيا خانلىقى ئەڭ ئاۋال «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان: نىيا (چادوتا) خانلىقىنىڭ پادىشاھى نىيا (ئوغايبالىق) شەھىرىنى ئىدارە قىلىدۇ. چاڭئەنگە 8820 چاقىرىم يول. ئاھالە سانى 480 ئائىلە دېيىلگەن. خەن ـ جىن دەۋرىدە قەدىمىي «نىيا دۆلىتى» نىڭ ئورنى ئەسلىدىكى نىيادا ئىدى. تاڭ سۇلالىسىدىكى راھىب، سەيياھ شۈئەنزاڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇلۇغ تاڭدىن غەربكە سەپەر» ناملىق كىتابتا «نىران شەھىرى» دەپ ئاتالغان. كېيىن تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان. بۇ شەھەر 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاۋرېل ستەيىن تەرىپىدىن بايقىلىپ 700 دىن ئارتۇق كاروشتى، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى، ئېسىل ياغاچ ئويما يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كېتىپ دۇنياغا ئاشكارىلىغانغا قەدەر 1500 يىلچە ئۇيقىدا ياتقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قايتىدىن تونۇلۇشقا باشلىغان.

(2) نىيا دەرياسى تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى تەكلىماكان قۇملىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، قۇرۇم تېغىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ. تاغ ئېغىزىدىن باشلىنىدىغان يەر شەكلى تۈز كەلگەن جايلاردا دەريا سۈيى بوستانلىقلارنى پەيدا قىلغان. تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئەۋزەللىكى بۇ يەرنى ئىنسان ھاياتىنىڭ مەركىزى قىلغان.

ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، نىيا دەرياسى مەدەنىيىتى ئەڭ دەسلەپ دەريا ئېقىمى باشلانغان تاغ ئېغىزىدىكى ئېدىرلىقلاردىن باشلانغان. ئۇ يەردە ئىككى ئورۇندىن ئۇرۇپ ياسالغان تاش پارچىلىرى ۋە تاشقوراللار بايقالغان (1987 ـ يىل) قىياس قىلىشقا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ دەۋرى 4000 ـ 7000 يىللىقچە ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخ تاكى مىس مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش، تاۋلاش تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن زامانغىچە نىيا خارابىسى نىيا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقنىڭ باغرىغا جايلاشقان. يەر شارى ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىنىڭ ئۆلچىگەن سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، خارابىنىڭ مەركىزىدىكى بۇددا مۇنارىدىن ناھىيە بازىرىغىچە 101 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ نىيا دەرياسىدىكى قەدىمكى دېلتا ھازىر قۇملىشىپ كەتكەن. تۆۋەنكى ئېقىم بويىدىكى خارابىغا 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ مازار ۋە قاپاقاسقان كەنتى ئەتراپىدا ھازىرغا قەدەر ئادەم ياشاپ كەلمەكتە. يۇقىرىدىكى مەلۇماتلار بىزگە

شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، تارىختا ئىنسانلار مەدەنىيىتى بۇ دەريا ۋادىسىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ياراتقان.

چوڭ مازار بولسا نىيا دەرياسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئاھالە رايونى بولۇپ، بۇ يەر شىمالدىكى نىيا خارابىسىدا ساقلىنىپ قالغان مۇنارغىچە 28 كىلومېتىر كېلىدۇ. خارابە بولسا نۇرغۇنلىغان نىسبەتەن يەككە ئىزلاردىن ياكى ئىزلار توپىدىن تەركىپ تاپقان. ھازىرغا قەدەر بولغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا يەتتە تۈرلۈك ئىز بايقالدى. ئولتۇراق بىنالار (ئۆي، ھويلا، ئېغىل، كۆلچەك)، قەبرىستانلىق، دىنىي بىنالار (بۇددا مۇنارى، بۇتخانا)، شەھەر خارابىسى، كۆۋرۈك، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى (ئېتىزلار، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى)، سانائەت ئىزلىرى (مىتال تاۋلايدىغان، كوزا پىشۇرىدىغان خۇمدان) قاتارلىقلار. يېقىندا ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ھەربىر ئورۇندىكى نىسبىي يەككە مەۋجۇت بولغان يۇقىرىقى ئىزلارنى نومۇرغا تۇرغۇزۇپ، ھەممىسىنى قوشقاندىن كېيىن 170 ئورۇنغا يەتكەن. يەنە بىر قىسىم دەرەخلەر، رىشاتكىلار تېخىچە ئىستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلمىگەن. بۇ قەدىمكى ئىزلار جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 21.3 كىلومېتىر، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى 3.26 كىلومېتىر دائىرىگە تارقالغان (ئەڭ سىرتقى ئىز ئورنىدىن باشلاپ ھېسابلانغان) بولۇپ، تىكتۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ھېسابلىغاندا بارلىق ئىزلارنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 69.44 كۋادرات كىلومېتىر بولغان. بارلىق ئىزلار ئىچىدە بۇددا مۇنارى خارابە رايونىدا مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلىگەن ھەم خارابىنىڭ بەلگىسىگە ئايلانغان.

نىيا دەريا ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەڭ ئاۋۋال چەت ئەل ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ پائالىيىتىدىن باشلانغان. 1889 ــ ۋە 1890 ـ يىللىرى روسىيە ۋە فرانسىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى ئايرىم ـ ئايرىم نىيا ناھىيىسى ئەتراپىغا كەلگەن، بىراق نىيا خارابىسىگە كىرەلمىگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، فرانسىيە روتلى ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەزاسى كېيىنا ئەڭ ئاۋۋال نىيا خارابىسى چادوتا خەلقىنىڭ دەپ قارىغان. 10 يىلدىن كېيىن، ستەيىن تۇنجى قېتىم بۇ خارابىگە كىرگەن. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ جەمئىي 4 قېتىم بۇ خارابىدا تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغان. (1901 ـ 1906 ـ 1913 ـ 1931 ـ يىللار). ستەيىن ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى نىيا دەرياسى ۋادىسىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى، خارابىنىڭ ئومۇمىي تەكشىلىك خەرىتىسى ۋە ئاساسلىق ئىزلارنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزىپ چىققان. ئۇ قېزىپ چىققان ھەرخىل ئاسارە ـ ئەتىقىلەر جەمئىي 920 پارچە بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت كاروشتى يېزىقىدىكى 700 دىن ئارتۇق تارشا پۈتۈك، كۆن ـ خۇرۇم، قەغەز مەكتۇپلار ۋە 91 پارچە خەنزۇچە تارشا پۈتۈك بار.

1949 ـ يىلىدىن كېيىن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرى زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. 1959 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە نىيا خارابىسىدىكى تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتى داۋاملاشماقتا. بۇ يەردە ئىككى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بىرسى، 1959 ـ يىلى شىنجاڭ موزېي تەشكىللىگەن تۇنجى قېتىملىق شۇنداقلا زور نەتىجىلىك بولغان تەكشۈرۈش خىزمىتى. يەنە بىرسى، جۇڭگو ـ ياپونىيە تەشكىللىگەن «جۇڭگو ـ ياپونىيە بىرلەشمە نىيا خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى»


ھاڭگى ئېشەك تەخىيگە ئىگە بولاپتۇ.

نىڭ نىيا خارابىسىگە بولغان 8 قېتىملىق تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتى. ئۇلارنىڭ بايقىغىنى بىزنىڭ نىيا دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت بىلىملىرىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ بېيىتتى. تارىم ئويمانلىقى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشتى.

ئەڭ دەسلەپكى خىزمەت دالا تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ تەسۋىرلىنىشى ۋە تارىخىي جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشكە مەركەزلەشكەن. ستەيىن 1921 ـ يىلى نەشر قىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خەرىتىلەر توپلىمى» دا، ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بايقىغان خەنزۇچە مەكتۇپلارغا ئاساسلىنىپ، نىيا خارابىسىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى «ئوغايبالىق» (精绝国) دۆلىتىنىڭ ئورنى دەپ بېكىتكەن. بىراق تەپسىلىي دەلىل ئىسپاتلار كەمچىل بولغان. ئەمەلىي تېپىلغان بۇيۇملار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپمۇ دەلىللىمىگەن. ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى «ئوغايبالىق» قا ئائىت خاتىرىلەرگە دىققەت قىلغان. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، يۇز خەتكە يەتمەيدىغان ئابزاس بىلەن ئۇ دۆلەتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن: «نىيا دۆلىتى پادىشاھى نىيا شەھىرىنى ئىدارە قىلىدۇ، چاڭئەنگە 8820 چاقىرىم كېلىدۇ. 460 ئائىلە، 3 مىڭ 360 نوپۇس بولۇپ، ئەسكىرى 500 ...» تەتقىقاتچى ۋاڭ گوۋېي ستەيىننىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلغان ھەم يەنە خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ جىن سۇلالىسىگىچە بولغان سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بىر نەچچە خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەرنى دەلىل قىلغان. ئۇ قىياس قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: نىيا دۆلىتى ئېھتىمال شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پېشامشاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان بولۇپ، مۇستەقىل بولغان. لېكىن جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە «باشقا دۆلەت تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان». ستەيىن ۋە ۋاڭ گوۋېي ئىككىسىنىڭ نىيا خارابىسىگە يەنى نىيا دۆلىتىگە بولغان كۆز قارىشى كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ياخشى ئاساس بولغان. بىراق 1988 ـ يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋاڭ جىچىڭ ستەيىننىڭ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن «نىيا دۆلىتى» دەپ يېزىلغان پۈتۈكنى رەسمىي ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى، بۇ كۆز قاراشقا ئىزچىل دەلىل ئىسپاتلار كەمچىل بولۇپ كەلگەن.

بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئەمەلىي بۇيۇملاردىن باشلانغان، ناھايىتى ئېنىقكى، مەيلى ستەيىن ياكى ۋاڭ گوۋېي بولسۇن، ھېچقايسىسى نىيا خارابىسىدىكى ھەممە ئىزلار ۋە قېپقالغان قالدۇق بۇيۇملارغا تەپسىلىي، سىستېمىلىق تەھلىل ئېلىپ بارمىغان. بۇ تارىخىي ۋەسىقىلەر كەمچىل بولغان ئىزلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئالدى بىلەن ھەر قايسى ئىزلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تارقىلىشى، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ۋاقىت جەھەتتىكى ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماي، يەنە ئىقتىدار جەھەتتە يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك خۇسۇسىيىتى بولغان. قېزىپ چىقىلغان بۇيۇملاردىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئاز دېگەندە مۇنداق يەردىن بەشى بار. ئۇلار مۇھىم بىنالار (ئوخشىمىغان ۋاقىتتا ۋە ھەرخىل دەرىجىدىكى ئەمەلدارلار مەھكىمىسى) دۇر. تارىخىي خاتىرىلەردىكى «نىيا»، «چادوتا

رايى» ھەم ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى 3 «ئاۋانا» يەرلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. پۈتۈن خارابىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ۋە دەۋرىگە نىسبەتەن، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بارلىق ئىزلار شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ 6 رايونغا بۆلۈنىدۇ. بەلكىم ئۇلار ئۆزئارا ئورمانلىق، قەبرىستانلىق، ئېتىزلىقلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا، شىمالغا سوزۇلغانسېرى دەۋرى شۇنچە ئىلگىرى بولىدۇ. بىز خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «نىيا دۆلىتى» نىڭ ئىزىنى بېكىتتۇق (خارابىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بىر رايون يەنى جەنۇبىي شىمالىي بۆلەكنىڭ بىر قىسمى) بىر يەردە بەلگە قىلىنغان N. X IV نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىنى خانلىق تۇرۇشلۇق جاي دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. قالغان قىسمى بولسا ئاساسلىقى مىلادى 3 ـ، 4 ـ ئەسىردىكى پىشامشان خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى «چادوتا» رايونى ھەم ئۇنىڭ قارمىقىدىكى «ئاۋانا» ئىزلىرىدۇر. بىز ئېنىق جەزملەشتۈرەلەيمىز، ئەڭ جەنۇبىدىكى رايون يەنى قەدىمىي شەھەر جايلاشقان جاي «چادوتا» نىڭ تەۋەسىگە ۋە دەۋرىگە مەنسۇپ بولالامدۇ ـ يوق دېگەندىن ئىبارەت.

(3) تارىختا نىيا خانلىقى پادىشاھلىق مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئەمەلدارلار ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزگەن. پادىشاھلىق زېمىنىدە كوچىلار ۋە يېزىلار بار بولۇپ، يەنە SATA( ساتا) دەپ رايونلارغا بۆلۈنگەن. ئۇ ئەڭ كىچىك باج ـ سېلىق بىرلىكى بولۇپ، SATA (ساتا) نىڭ گوروھى PRADEJ( پىرادېج) دېيىلگەن. ئەمەلدارلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولسا يېزىلاردىن باج يىغىش بولغان. (يەنى— سېرىق ماي، قوي، دانلىق زىرائەتلەر، قىزىل ھاراق، گىلەم، كىگىز، ھەممىسى باج تاپشۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى قىلىنغان) پادىشاھ ئەمەلدارلىرىغا شەخسىي يەر ھەدىيە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىجارىكەش دەپ ئاتىۋالغان. ئىجارىكەش بەلگىلىك مىقداردا باج تاپشۇرىدىغان ھەم ئەمگەكچى يالالاپ ئىشلەتكۈچىلەر بولۇپ، ياللانما ئەمگەكچىلەر ئىچىدە ھۆر دېھقانلار، قۇللار بولۇپ، قۇللارمۇ يەر مۈلۈككە ئىگە بولغان. ئەمما خوجايىن ئۇلارنى ئەركىن ساتالىغان.

تارىختا نىيا پادىشاھلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى باشلانغۇچ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، شۇ ۋاقىتتا ياپيېشىل، ئەگرى ـ بۈگرى نىيا دەرياسى بويىدا كەڭ كۆلەملىك تېرىلغۇ يەرلەر بولغان. بۇغداي، كۆرەك ئوت، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلغان. ئۇلار يەنە دەرەخ تىكىپ قۇم بوراندىن مۇداپىئە كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن نىيا دەريا سۈيى دەريا بويىدىكى يەرلەرنى مۇنبەتلەشتۈرگەن. نىيا پۇقرالىرىنىڭ باشلانغۇچ چارۋىچىلىقى بولغان كالا، قوي، تۆگە قاتارلىقلارنى باققان. ئۇلار نىيا دەرياسى بىرلىشىدىغان كۆنچى دەرياسى، چەرچەن دەرياسى بويىدىكى يايلاقلاردا چارۋا باققان. نىيا پۇقرالىرى يەنە قول سانائەت ئىشلىرىنى قوشۇمچە قىلغان. ياغاچ ئەسۋاپلارنى ياساش، توقۇمىچىلىق، ساپال بۇيۇم ياساش (كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئاشلىق ساقلاش ئۈچۈن ئىدىش، كۈپ قاتارلىقلارنى خۇمدانلاردا پىشۇرۇپ تەييارلىغان) كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەش ۋە پولات تاۋلاش قاتارلىقلارنى قوشۇمچە قىلغان.

ئەينى ۋاقىتتا نىيا ئاھالىسى سۇنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش، دەل ـ دەرەخلەرنى ئاسراش جەھەتلەردە بىر قاتار قات-

www.uyghurkitap.com



تىق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. سۇنىڭ ئىشلىتىلىشى مەخسۇس ئادەم تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان بولۇپ، قائىدە تۈزۈلگەن. ناۋادا باشقۇرۇش جايىدا بولمىسا، زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولسا قاتتىق جازاغا تارتىلغان. ئەگەر تېرىلغۇ يەرلەردە سۇ كەمچىل بولۇپ قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى كۆرۈلسە، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر سۇ ئىشلەتكەن ۋاقىتتا باشقا ئاداۋىتى بار ئادەمنىڭ يېرىنى سۇ بېسىپ كەتسە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇغداي تېرىلىدىغان يەر بۇغداي پىشىشى بىلەن ئىككى ئۈچ قېتىم سۇغۇرۇلغان.

(4) ئەڭ مۇھىم ئاسارە-ئەتىقە بولسا تەبىئىي هالدا قېزىۋېلىنغان مەكتۇپلاردۇر. هازىرغا قەدەر ئېنىق مەلۇم بولغان مەكتۇپلار جەمئىي 1191 پارچىدىن ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە 100 پارچە خەنزۇچە تارشا پۈتۈك بار. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ كاروشتى يېزىقىغا بولغان كۆچۈرۈپ يېزىش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى خېلى نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ نىيا خارابىسىنىڭ ۋەسىقىلىرىگە بولغان تەتقىقات ئاساسى بولدى. يەنە خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەر دەۋر تەتقىقاتىغا ئاساس بولدى (يەنى خارابىدىن تېپىلغان «چىن سۇلالىسىنىڭ 5-يىلى» دېگەن يىلنامىسى بار پۈتۈك). خارابىنىڭ تارىخىي دەۋرى ۋە خاراكتېرىگە بولغان تەھلىل ئېنىقكى، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلار نىيا خارابىسىنىڭ تەخمىنى تارىخىي رامكىسىنى قۇرۇپ چىققان، ناۋادا نىيا دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتنى چۈشۈنىشكە توغرا كەلسە، كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىدا، پىشامشان دۆلىتى ۋە ئۇ هۆكۈمرانلىق قىلغان «چادوتا» نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇن-تۈزۈملىرى، مەدەنىيەت ئامىلىغا تەۋە دىن (بۇددا دىنى) ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىت ۋەسىقىلەر بار. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمىي پىشامشان خانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىلادى 3—4-ئەسىر مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئىنتايىن گۈللەنگەن دەۋر هېسابلىناتتى. كىشىلەر دەريا ئېقىنلىرى بويىدا، يىراق ئارىلىق بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان بىر سىياسىي مەركىزىي بولغان «ئۇلۇغ پادىشاھ» (كاروشتى يېزىقىدا دائىم ئۇچرايدىغان سۆز) بۇ يەرلەردە مۇرەككەپ بولغان بيوكراتىزملىق تۈزۈم بىلەن هاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن. هۆكۈمەت مەركىزىي هۆكۈمەت ۋە يەرلىك هۆكۈمەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. مەركىزىي هۆكۈمەت «جېبدايىدا»، «كالا» (بەزىلەر بۇنى «مۆتىۋەر»، «خانىش» دەپ ئىزاھلايدۇ) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خان جەمەتىدىكىلەرمۇ بار. يەرلىك هۆكۈمەت «راجا» Raja، «رايا» Raya (مەنىسى «ئوبلاست»، «رايون») ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى «ئاۋانا» Avana («يېزا» ياكى «ناھىيە» گە تەڭ) دىن تەشكىل تاپقان. «ئاۋانا» دىن تۆۋەن تۇرىدىغان مەمۇرى باشقۇرۇش ئورنى («كەنت»؛ «يۈز بېشى»، «ئونبېشى») دېگەن ناملاردا ئاتالغان. بۇ مەمۇرى ئاپپاراتلاردىن باشقا يەنە بىز سۈيۈرغاللىق يەر يۈزۈمى مەۋجۇت بولغانلىقىدەك بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان «زېمىن» ۋە «قورۇق» ئوقۇملىرى بىراقلا «توقال خانىش زېمىنى» دەپ ئاتالغان. نىيا خارابىسىگە ئوخشاش بولغان يەر Raya «رايون» دېيىلگەن. ۋەسىقىلەردە

دائىم «چادوتا» ، «چادوتا رايونى» دەپ يېزىلغان. بەزى مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەردە ئاساسلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى بولسا مالىيە بېجى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەم قاينام تاشقىنلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان چېكرا سودىسىدىن ئىبارەت. كاروشتى ۋەسىقىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قانۇن ـ تۈزۈملەر تۈرغۈزۈلغان. ئۇلار مۇلۇك ھوقۇقى ۋە ئۇلارنى سېتىشقا مۇناسىۋەتلىك : پادىشاھنىڭ ئەمىر ـ پەرمانى كۆپىنچە قانۇن تۈزۈملەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پادىشاھ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي سوتچىسى، قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ بېشى بولغان. توختام، كېسىمنامە، جامائەت گۇۋاھلىقىنىڭ ھەممىسى باشقا ۋەسىقىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ خىلدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ شەكلى ئەڭ ئۆلچەملەشكەن، قىزىقارلىقى شۇكى، ۋەسىقىلەردىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى دىنىي قائىدىلەردىن ئىبارەت. بۇ بىر يۈرۈش قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەر، شۇ دەۋردىكى شۇ بوستانلىقتىكى جەمئىيەتكە ماس كېلىدىغان ۋە ئۈنۈملۈك بولغاندەك تۇرىدۇ.

ھازىرغا قەدەر پادىشاھنىڭ كىشىلەر روھى دۇنياسىغا تەۋە دىنى پائالىيەتلەرنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق دەلىل ئىسپات يوق. بۇ ۋەسىقىلەر بەزى قۇملۇق مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى ۋە يوقۇلىشىغا ئائىت نەزەرىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كەلگۈسىدە مۇمكىن بولسا، بۇ نەزەرىيىلەرنى بىز ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە قىلىمىز. كاروشتى يېزىقىدىكى ئەدەبىياتقا ئائىت ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تېخى خىزمەتلەر ئىشلەنمىدى.

(5) نىيا بوستانلىقى ۋە ئولتۇراق جايلارنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن تاشلىنىپ كېتىلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قۇرۇم تېغىدىن باشلانغان نىيا دەرياسى يىل بويى بۇ زېمىننى سوغۇرماقتا، ئەمما، نىيا دەرياسىنىڭ ئايىغى ھەمىشە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئېھتىمال بوستانلىقنىڭ چۆللىككە ئايلانغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك. لېكىن، بوستانلىقنىڭ چۆللىككە ئايلىنىشى، باشقا جايلاردا يەنە بوستانلىق پەيدا بولۇشى، نىيا كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭ ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمەيدۇ. نىيىنىڭ خارابىگە ئايلىنىشى، قۇرغاق مۇھىتنىڭ سەۋەبىدىن، ئەمما قۇرغاق مۇھىت بىردىن ـ بىر سەۋەپ ئەمەس. مەلۇم بولغان ئىزلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ تاشلىنىپ قېلىنىشى ھەرگىزمۇ ئاستا خاراكتېرلىك جەريان ئەمەس. چۈنكى، ستەيىن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر كىشىلەر تەرىپىدىن كېسىۋېتىلگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنى بايقىمىغان. كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىسپات بولسا نىيا دەرياسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەرىپىدىكى خارابىلىقتىن تېپىلغان، ئارخىپ ئۆيدە مۇكەممەل ساقلانغان خەت ـ چەكلەر ۋە رويخەتلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ۋەزىر ـ ۋۇزىرالارنىڭ ھەممىسى ئالدىراشلا بۇ يەردىن ئايرىلغان، ھەمدە بىر كەتكەنچە زادى قايتىپ كەلمىگەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتورلار: خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت


بۇ سان ژۇرنالدا كۆڭلىڭىزگە ياقمىغان ئەسەرلەر ئۈستىدە پىكىر يېزىپ ئەۋەتكەيسىز.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرەھىم ھەكىمى

# بازار ئىگىلىكى ۋە دېھقان يازغۇچىلار

بەش ـ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا قولۇمغا ھەر سان يېڭى ژۇرنال ۋە گېزىتنى ئالسىلا ئالدى بىلەن ئايال ئاپتورلارنىڭ ئىسمىغا كۆز يۈگۈرتەتتىم. ناۋادا ئايال ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بېسىلغان بولسىلا ئاۋۋال شۇلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىقاتتىم، مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىم بىرى، يازىدىغانلار ئىچىدە ئاياللارنىڭ نىسبەتەن ئاز بولغانلىقىدىن يەنە بىرى، قارشى جىنسلىقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قىزىقىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى يېقىندىن بېرى، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللارنى قولۇمغا ئالسام ئاۋۋال دېھقان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەيدىغان، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەسىرى بولسا ئاۋۋال شۇنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم، چۈنكى ئۇلار يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئازلىقتىن زورىيىۋاتىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھېسسىياتى خۇددى دېھقانلاردەك ساددا، دېمەكچى بولغان پىكرى دېھقان قىزلىرىدەك گىرىمسىز ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت سالمىغان يەرنىڭ بۇغدىيىدەك ساپ.

90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاغىينەمنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالساق سورۇن باشقۇرغۇچى (ھاراق قۇيغۇچى) سورۇننىڭ قائىدىسى بويىچە مېھمانلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەندە

— بۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئىسمى شېرىپ ئابدۇرەھىم ھەكىمى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ئىشلەيدۇ، ئۆزى شائىر، ـ دەپ تونۇشتۇراتتى.

شۇنداق تونۇشتۇرسا بەزىلەر ماڭا ھەيرانلىق، قىزىقىش نەزەرى بىلەن قارايتتى ۋە ئۆزىگە مەندىن ھەرخىل سوئاللارنى سوراپ باقاتتى:

— سىز بانكىدا ئىشلەپ تۇرۇپ يەنە شېئىر يازىدىكەنسىز ـ ھە!

— سىز قايسى مەكتەپتە، نېمە كەسىپتە ئوقۇغانتىڭىز؟

— سىز ئەدەبىيات، يېزىقچىلىق نەزەرىيىسى ئوقۇمايمۇ يەنە شائىر بوپسىز ـ ھە؟

ئەدەبىيات، يېزىقچىلىق، شېئىر دېگەنلەرنى چۈشەنمەيدىغانلارغۇ، بۇ ھەقتە زۇۋان سۈرمەيتتى. ئەكسىچە يۇقىرىقىدەك سوئاللارنى سورايدىغانلار پەقەت ئۆزىنى زىيالىي چاغلايدىغان، ھەممە ئۆزىچە بۇ سوئالنى بىز شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، شېئىر يېزىشنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدىغان، پەۋقۇلئاددە قىيىن ھۈنەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتىمىز دېيدىغان مە-

مەدان كىشىلەر ئىدى. ھەتتا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەلۇم بىر ئۇيغۇر تىلى پروفېسسورىمۇ مېنىڭ تەرجىمىھالىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىچە ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ

— سىز مۇشۇ ئىقتىدارىڭىز بىلەن بانكىغا زايە كېتىپسىز، ئەسلى ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز بوپتىكەن، — دېگەنتى.

مەن دەسلەپتە شۇنداق سورىغۇچىلارغا:

— لۇشۈن ئەپەندىمۇ ئەدەبىيات ئوقۇمىغان. ئۇ ياپونىيىدە دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىيىتىدىكى كېسەلنىڭ بەدىنىدىكى كېسەلدىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى روھىي جەھەتتىن داۋالاش ئۈچۈن ئوپېراتسىيىنى پىچاق بىلەن ئەمەس، قەلەم بىلەن قىلىشنى باشلىغان، — دەپ چۈشەندۈرەتتىم، كېيىنچە بۇنداق گەپلەرگە پەرۋاسىز قارايدىغان، بەزىدە كۈلۈپلا ئۆتكۈزۋېتىدىغان بولدۇم. چۈنكى، بەزىدە «نادانغا سۆزلىگەن ئېسىت سۆزۈم، ئۆلۈككە يىغلىغان ئېسىت كۆزۈم» دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ. ئۇلارنىڭچە بولغاندا، يازغۇچى، شائىر دېگەنلەر چوقۇم ئالىي مەكتەپتە سىستېمىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق مەشىقلىرىنى ئىشلەپ دىپلوم ئالغان زىيالىيلاردىن چىقاتتى. چۈنكى، يېزىقچىلىقنى ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس ئۆگىتىپ قويىدۇ، يەنە كېلىپ يازغۇچى، شائىر دېگەنلەر گېزىتخانا ۋەياكى ئەدەبىي ژۇرناللاردا مۇ-ھەررىرلىك، مۇخبىرلىق قىلىشى كېرەك، ھېچبولمىغاندا ئوقۇتقۇچى بولۇشى كېرەك. يەنى يازغۇچى، شائىر دېگەنلەر شۇنداق يەرلەردىن چىقىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بانكىغا ئوخشاش ئەتىگەندىن كەچكىچە پۇل ساناش، چوت سوقۇشتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان ئادەملەر توپىدىن مەندەك بىر شائىرچاقنىڭ چىقىپ قېلىشى تىرناقتىن تۈك چىققاندەك بىر ئىش ئىدى.

مەن ھازىرغىچە ھەرگىز شۇ چاغدا مەندىن شۇنداق بىمەنە سوئاللارنى سورىغانلارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، ھەمدە ئەيىبلەشكىمۇ ھەققىم يوق. چۈنكى، شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ بىلىشى، سەۋىيىسى شۇنچىلىك ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىرەر پارچە شېئىرىم ئېلان قىلىنسا بەزى كەسىپداشلىرىم تېخى سۆيۈنۈپ «ئابدۇرەھىمنىڭ بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنىپتۇ» دېيىشىپ كېتەتتى. بۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بىر قېتىم مەن يازغان ساتىرادىكى سەلبىي پېرسوناژنىڭ ئىسمى بىر خىزمەتدىشىمنىڭ ئىسمىغا تەساددىپىي ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا ھەر قانچە چۈشەندۈرسەممۇ، ئۇ خىزمەتدىشىمنى قايىل قىلالماي ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئاخىرىدا ناھىيىلىك، ھەتتا ۋىلايەتلىك بانكىنىڭ باشلىقلىرىدىنمۇ دەككە يېگەندىم. ناۋادا ئۇ ۋاقىتتا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مەرھۇم ئابدۇللا مەخسۇت (كېيىن خوتەنگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان)، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن



تەتقىقاتچى مەتقاسىم ئەكرەم ئاكا، سالامەتلىك، خاتىرجەملىك سىزگە يار بولغاي.

www.uyghurkitap.com



شۇجىسى مۇھەممەت توختى (كېيىن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى بولغان، ھازىر پېنسىيىدە) دەك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ رېئاللىقتىن بىر بالداق يۇقىرى تۇرىدىغان بەدىئىي توقۇلما ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان ئوقۇمۇشلۇق رەھبەرلىك بولمىغان بولسا، «باشلىق» نى سۆكۈپ ساتىرا يازغىنىم ئۈچۈن خىزمىتىمدىن ئايرىلغىلىمۇ تاس قالغانىدىم.

دېمەكچى بولغىنىم، 90 ـ يىللاردا دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، ئەدەبىياتقا بولغان چۈشەنچىسى پەقەت شۇنچىلىكلا ئىدى. ئۇنداق شارائىتتا يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ يازغۇچى، شائىر يېتىشىپ چىقىدۇ ۋەياكى بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە زىيالىيلارمۇ يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ دېگەننى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مانا، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ۋە «شىنجاڭ ياشلىرى» ... قاتارلىق نوپۇزلۇق ژۇرناللارنى سەرخىل ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئىجتىھادلىق ئاپتورلارنىڭ ئىچىدىن دېھقان ئاپتورلار مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىغان يېڭى بىر ھالەت شەكىللەندى. بەلكىم بۇنداق دېھقان شائىر، دېھقان يازغۇچى، دېھقان تەتقىقاتچىلار باشقا گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭمۇ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان بولۇشى مۇمكىن، ئەپسۇس ئاپتورنىڭ ئادرېسىنى بىللە ئېلان قىلىشنى ئادەت قىلمىغان مەتبۇئاتلاردىكى دېھقان يازغۇچىلارنى بايقاشقا پېقىر قادىر بولالمىدىم.

دېمەك، ھازىر جەمئىيەتكە شۇنداق نەزەر سالىدىغان بولساق مەندەك بانكىدا ئىشلەپ تۇرۇپ شېئىر يازىدىغان شائىرغىغۇ خەقنىڭ قارايدىغانغا كۆزى يوق. ھەتتا دېھقان شائىر، ئىشسىز يازغۇچى، مەدىكار پەيلاسوپ، كاۋاپچى كەشپىياتچىلاردىنمۇ ھېچكىم ئەجەبلەنمەيدىغان بولدى. ئەڭ ياخشىسى ھازىر ئۇلارنى «سەن نېمە ئۈچۈن دېھقان تۇرۇپ شېئىر يازىسەن؟»، «سەن نېمە ئۈچۈن يازغۇچى تۇرۇپ ئىشسىز قالدىڭ؟»، «پەيلاسوپ دېگەنمۇ مەدىكار بولامدۇ؟» دەپ سوئال سوراپ ئاۋارە قىلىدىغان ئادەم يوق. ئۇلاردىن ھېچكىم ئەجەبلەنمەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ. خۇددى ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقاندەك، گويا ئەسلى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك. مانا بۇلار جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بېرى نەچچە قېتىملىق مەمۇرىي بۇيرۇق، قۇرۇق شۇئار بىلەن ئەمەلگە ئەشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغان؛ بىراق يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە ئىش ئورنىغا چىقىشتىكى رەھىمسىز رىقابەت ۋە شۇنداقلا بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي پىشاڭ بىزگە ئاتا قىلغان رېئاللىق، مانا بۇ بازار ئىگىلىكى روياپقا چىقارغان دېھقان يازغۇچىلار.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى خىزمەت تەخسىماتىدا قوللۇنىلىۋاتقان ئالىي مەكـ

تەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت
بىر تۇتاش خىزمەتكە تەخسىم قىلماس-
لىق؛ ئۇلار يېزىدىن بېرىپ يېزىغا قاي-
تىشتىن ئىبارەت بۇخىل رېئاللىق بىزگە
مەلۇم بىر گۈزەل مەنزىرىنى سۈرەتلەپ
بېرىۋاتىدۇ. بىرىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ
بىلىم قۇرۇلمىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە
كۆتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ ھەممىمىز خۇشال-
لىنىشقا، پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك
بىر ئىشى ... قاراڭ، دېھقانلارنىڭ بىلىم
قۇرۇلمىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، يېزى-
لاردا ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي
جەھەتلەردىن تەڭ يېتىلگەن مىڭلىغان
مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەر بارلىققا
كەلسە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نەچچە يۈز
روزى سايىت، نۇرمۇھەممەت توختىلار
يېتىشىپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ خۇ-
شاللىقىنى، قايغۇسىنى، دەردىنى، ئار-
زۇسىنى مەتبۇئات ئارقىلىق ھاكىمىيەت
بېشىدىكىلەرگە دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ
تۇرىدۇ. يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بې-
سىپ ئۆگىنىپ قالغان سىياسىي يان-
چۇقچىلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداق دوكلاتلى-
رىنىڭ قۇرۇق ھەيۋىسىنى، دېھقانلارنىڭ
ھەقىقىي يۈرەك سادالىرى ئىزىپ مىجى-
قىنى چىقىرىدۇ. يۇقىرىدا كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ جانىجان تۈپ مەنپەئىتىگە
ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان رەھبەر-
لەر تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، تۆۋەندە پالتىنىڭ
بېشىدا ئەمەس، چۈلدىسىدا ئوتتۇن يارى-
دىغان قارا قورساق چاپارمەنلەر زاۋال تا-
پىدۇ. ئۇ چاغدا دېھقانمۇ ئەسلى دېھقان-
چىلىق ھالىتىگە قايتىدۇ ئىككىنچىدىن

، مەكتەپتە ئوقۇشنى، بولۇپمۇ ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇشنى، نوقۇل ھالدا كادىر
بولۇش يەنى بىر ئۆمۈر داش قازاننىڭ تا-
مىقىنى يەيدىغان مائاشلىق بولۇش ئۈچۈن
دەپ ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ تونۇشىمۇ
تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ئالىي مەكتەپتە ئو-
قۇشنى ئەقلىي كامالىتىنى تاكامۇللاش-
تۇرۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى، دۇنيانى چۈشى-
نىش، ئادىمىلىك ھوقۇقىنى قوغداش
ئۈچۈن دەپ چۈشىنىدىغانلار، ھېچبول-
مىغاندا دېھقانچىلىق قىلساقمۇ ئەڭ ئاز
ئەمگەك ۋە ئەڭ تۆۋەن مەبلەغ سەرپ قى-
لىپ، ئەڭ يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش
ئۈچۈن دەپ چۈشىنىدىغانلار كۆپىيىدۇ
جاپاكەش دېھقانلار ھۆددە يېرىنىڭ ھەقى-
قىي خوجايىنلىرىغا ئايلىنىدۇ كادىر
بىلەن دېھقاننىڭ، شەھەر بىلەن يېزى-
نىڭ پەرقى تەدرىجىي قىسقىرايدۇ. مانا
بۇلار ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە
تەرەققىياتى، دەۋرنىڭ رېتىمى. بۇنى
ھېچكىم ۋە ھېچقانداق كۈچ توسۇيمەن
دېيمۇ توسۇپ قالالمايدۇ، خۇددى قۇياشنى
ئېتەك بىلەن يापقىلى بولمىغاندەك!

خۇدا بىزگە شۇنداق ياخشى كۈنلەر-
نىمۇ كۆرگىلى نېسىپ قىلغاي!

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئى-
گىلىك بانكىسىدا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت


يازغۇچى ئابدۇقادىر قارلۇق، ئىنسان ۋە روھ توغرىسىدىكى تەپەككۇرىڭىز تېخىمۇ ئۇخچىغاي!

ئابدۇغالىپ مەتتۇرسۇن

# شېرىن دورغا ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى نەسەبى ھەققىدە ئىزدىنىش

شېرىن دورغا تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدا كۆپ قىسىم ئۆمرىنى كېرىيە ناھىيىسى ۋە بۇ ناھىيىنىڭ ئويتوغراق بوستانلىقىدا ئۆتكۈزگەن مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى، لەتىپىچىسى، ئوقۇمۇشلۇق، خەلقپەرۋەر ۋە ئادالەت سۆيەر جامائەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ ئۆز لەتىپە چاقچاقلىرى ئارقىلىق ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەمگەكچى خەلقنىڭ دىلكەش دوستى سۈپىتىدە يادلىنىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا كېرىيىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ فولكلور خەزىنىسى ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن خەلق سەنئەتكارى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەنمەكتە. شۇڭلاشقا شېرىن دورغىنىڭ ھاياتى پائالىيىتى، لەتىپە چاقچاقلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مىللىتىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە شېرىن دورغا ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپتە 1960 ـ يىللىرى ئويتوغراق يېزىسىغا قايتا تەربىيە خىزمىتىگە چۈشكەن شېرىپجان قاسىم (ھازىر خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پروفېسسورى) شېرىن دورغا لەتىپىلىرىنى توپلىغان بولۇپ، بۇ شېرىن دورغا تەتقىقاتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى باشلىنىش ھېسابلىنىدۇ. 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە، كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن مەرھۇم خەلق سەنئەتكارى مەتتوختى ئىسمايىل شېرىن دورغىنىڭ نەۋرىسى مەمتىلى شەيخ بىلەن بىۋاسىتە ئەھۋاللىشىپ خاتىرە قالدۇرۇش ئارقىلىق شېرىن دورغا توغرىسىدا ئۈچ پەردىلىك دراما يازغان، كېيىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بۇ دراممىنى ئويناپ چىققان ھەمدە شۇ دەۋردە نەشر قىلىنغان «كېرىيە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى مەمەت بارات تەشنائى ئويتوغراق يېزىسىدا شېرىن دورغا لەتىپە، چاقچاقلىرىنى توپلىغان ۋە «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «شېرىن دورغا لەتىپىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا كېرىيە ناھىيىلىك ئۈچ توپلامنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭ 53 پارچە لەتىپە، چاقچاقلىرى «كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇ كىتابخانلىرىغىمۇ تونۇشتۇرۇلغان ۋە خەنزۇ تىلىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم لەتىپىلىرى خوتەن گېزىتىنىڭ 1988 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان، «شىنجاڭ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق سانلىرىغىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن لەتىپىلىرى بېسىلغان. گەرچە شېرىن دورغا ھەققىدە يۇقىرىقىدەك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەتقىقاتلار شېرىن دورغىنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە بۇ لەتىپە، چاقچاقلارنىڭ بەدىئىي قىممىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، بېشىدىن سانسىزلىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى كەچۈرگەن، ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى يەتكۈچە تېتىغان ۋە ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئاكتىپ رول

ئويناپ كەلگەن بۇ ئۇقۇمۇشلۇق جامائەت ئەربابى، ئەينى دەۋر ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشتىراكچىسى بولمىش شېرىن دورغىنىڭ ھاياتى پائالىيىتى، دۇنيا قارىشى، كېيىنكى نەسىبى قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى ۋە بۇ ھەقتىكى ئەل ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ئۇچۇرلارمۇ دەۋر چاقىنىڭ ئايلىنىۋېرىشى، چۆچەكچى بوۋىلارنىڭ بۇ ئالەم بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن خوشلىشىپ كېتىشى، يازما تارىخقا ۋە ئائىلە نەسەبنامىسىگە ئېتىبارسىز قاراپ كېلىۋاتقان خەلقىمىز ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ، زامان دەرياسىنىڭ لاتقىلىرىغا ئۈن تىنسىز چۆكۈپ كەتمەكتە. شۇڭا، شېرىن دورغا كىشىلەر تەرىپىدىن لەتىپە چاقچاقلاردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئاددىي بىر قىزىقچى، دورغا سۈپىتىدىلا چۈشىنىلىپ كېلىنمەكتە. تۆۋەندە مەن شېرىن دورغا توغرىسىدا ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۆي توغراقتا ئەل ئىچىدىن توپلىغان ماتېرىياللار ۋە ئىزدىنىشلىرىمنى ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. كەمىنە مۇئەللىپنىڭ قەلىمى ئاجىز بولغاچقا، بۇ ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە رەتلەشتە تۈرلۈك سەۋەنلىكلەرگە يول قويغان بولۇشى مۇمكىن، تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تەنقىدىي پىكىر ۋە تولۇقلىما بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەممىگە مەلۇمكى، تارىخىي ماتېرىياللار تارىخنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئەمما ئۇ تارىخ مەنزىللىرىگە بارىدىغان يول، تارىخىي تۈگۈنلەرنى يېشىدىغان يىپ ئۇچى.

ئەل ئىچىدە ئالاھىدە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولغان سۆز سەنئەتكارى شېرىن دورغىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ۋە قاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات ھازىرچە يوق. پەقەت شېرىن دورغىنىڭ 1977 ـ يىلى 105 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن نەۋرىسى مەمتىلى شەيخنىڭ «بوۋام شېرىن دورغا مەن خېلى چوڭ بولۇپ قالغان، ئەمما تېخى ئۆيلەنمىگەن ۋاقىتلىرىمدا قازا تاپقان» دېگەن ئەسلىمە سۆزىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، 1872 ـ يىللىرى دۇنياغا كەلگەن مەمتىلى شەيخنىڭ شۇ چاغدا 15ـــ16 ياش دەپ پەرەز قىلساق، 107 يىل ئۆمۈر كۆرگەن شېرىن دورغىنى 1780 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋاپات بولغان 1770 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەن دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. يەرلىك كىشىلەر ۋە شېرىن دورغىنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىنىڭ شېرىن دورغا ھەققىدە ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، ئۇ ئەسلى قۇمۇللۇق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېرىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت. شېرىن دورغىنىڭ ھازىرمۇ ياشاپ كېلىۋاتقان چەۋرىسى 98 ياشلىق ھاشىم پولاتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ئۇلۇغ بوۋىسى شېرىن دورغا ئەسلى ئۇرۇش ۋە يىغىلىق ئاپەتلىرىدىن قېچىپ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان كىشى بولۇپ، بىر كۈنى كەچلىكى ئۇ كېرىيىگە يېتىپ كېلىپ، مۇسا بەگنىڭ سامانلىقىغا چۈشكۈن قىلغان. مۇسا بەگ ناتونۇش بىر كىشىنىڭ سامانلىقتا يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «سەن كىم؟» دەپ سورىغىنىدا شېرىن دورغا «مەن شېرىن! تەقسىر» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇسا بەگ ئۇنىڭ گەپ سۆزىنىڭ جايىدىلىقى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «شېرىن» ئىكەنلىكىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۆزىگە دورغىلىققا ئېلىپ قالغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ماكانغا يەرلىشىپ قالغان. «شېرىن دورغا خوجا نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش جاھان كېزىپ يۇرت ئارىلاپ ئۆزىنىڭ تاتلىق، شېرىن سۆزلىرى، جاھان دىشۋارچىلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغۇچى قىزىقارلىق چاقچاقلىرى ئارقىلىق دەرتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەۋا، رەنجىگە شىپا بولىدىغان جاھانكەزدى كىشى بولۇپ، ئۇ يۇرت ئارىلاپ كېرىيەگە كەلگىنىدە بۇ جاينى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن» دېگۈچىلەرمۇ بار، بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن قاراش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ، ھاياتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىنى قۇمۇلدا ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق. 1998 ـ يىلى 9 ـ


لوپ ناھيەسىدىكى ئاپتورلىرىمىزنىڭ روھى تېخىمۇ ئۇرغۇغاي!

ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئابدۇراخمان قارىم (بۇ قۇمۇل ۋەلايەتلىك بىناكارلىق ئىدارىسىدىن پىنسىيىگە چىققان كىشى بولۇپ ھازىر ئۈرۈمچى دۆڭ كۆۋرۈكتە كىتاب يايمىسى ئاچىدىكەن، كىشىلەر كىتابچى قارىم دەپمۇ ئاتاپ قويىدىكەن.) ئىسىملىك 50 نەچچە ياشلىق بىر قۇمۇللۇق كىشى ئۆزىنىڭ شېرىن دورغىنىڭ قۇمۇلدىكى ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇلۇغ بوۋىسى بولغان شېرىن دورغىنىڭ مەقبەرىسىنى ئىزدەپ تېپىپ دۇئا قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ شېرىن دورغىنىڭ مەقبەرىسىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، سۈرۈشتۈرۈشلەر ئارقىلىق شېرىن دورغىنىڭ يەنە بىر ئەۋرىسى ئاۋۇت شەيخنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ھەمدە ئاۋۇت شەيخنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۈيتوغراق بۇغراقۇم باغرىدىكى شېرىن دورغىنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلىپ كەتكەن. شېرىن دورغىنىڭ قۇمۇلدىكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ كېتىشلىرىگە قارىغاندا، شېرىن دورغىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنمۇ قۇمۇل دىيارىدا تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرغانلىقىنى، مېھرى ئىسسىق ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرىنى تاشلاپ يۇرتىدىن ئايرىلىشى چوقۇم قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ زۇلمى سەۋەبىدىن ياكى قۇمۇل ۋاڭ ـ گۇڭلىرى بىلەن ھەقىقەتپەرۋەر شېرىن دورغا ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم سۈركىلىشلەردىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقا ۋە بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئاۋۇت شەيخنىڭ شېرىن دورغا ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇماتىغا قارىغاندا ئۇلۇغ بوۋىسى شېرىن دورغىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەترېھىم ئالىقانات بولۇپ، توخسۇن ناھىيىسىدە بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنىكەن، يەتتە ياشقا كىرگىنىدە بىر قېتىملىق يېغىلىق ئاپىتىدە قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ سەركەردىلىرى تەرىپىدىن جېنى قۇتۇلدۇرۇلۇپ قېلىنغان ۋە ئوردا مەھرەملىكىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئوردىدا تەلىم ـ تەربىيە ئالغان، ئۇ ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق تەربىيىلىنىپ كۆپنى بىلىدىغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ يېتىلىپلا قالماي، بىرقانچە تىللارنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن، شۇنداقلا گەپ ـ سۆزىنىڭ جايىدىلىقى، تىل پاساھىتى، سۆزمەنلىكى، ھازىر جاۋابلىقى بىلەن «شېرىن» دېگەن ئاتاق ـ نامىغىمۇ ئىگە بولغان، كېيىنچە ئېنى دەۋردىكى قۇمۇل ئوردىسىدا (قۇمۇل ۋاڭلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك) يۇقىرى ئابرويغا ئىگە مەنسەپدار بولۇپ، ئەينى دەۋر سىياسىي ھاياتىدا ئاكتىپ ئىجتىمائىي رول ئوينىغان ھەتتا روسىيە، قوقان قاتارلىق بىر قانچە ئەللەرگىمۇ ئەلچى سۈپىتىدە بارغان. ئەمما كېيىنچە ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن يىرىكلىشىپ قېلىپ ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈلۈپ (ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈلۈشتە مەلۇم بىر پارچە رەسىمگە قارىتا ئوردىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەھلىلى ۋاڭغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن پالانغان دېگەن قاراش كۆپرەك.) سۈرگۈن ھېسابىدا قۇمۇلدىن ئايرىلغان ۋە جاھانكەزدىلىك ھاياتىنى باشلىغان. كېرىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئەينى دەۋردىكى كېرىيىنىڭ بېگى «ئىبراھىم كۆلى»نى تاپقان، ئىبراھىم بەگنىڭ ئاكىسى مۇسا بەگكە دورغا بولغانىكەن. شېرىن دورغا تۇغۇلغان 1780 ـ يىللار ئەتراپىدا قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا قانداق يېغىلىق ئاپەتلىرى بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما شېرىن دورغىنىڭ ئوردا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولغانلىقى، كۆپنى كۆرگەن، كۆپ جايلارغا بارغان، تەرەققىيپەرۋەر ھەم يېڭىلىقنى قوبۇل قىلغان ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق، ئاۋۇت شەيخ 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى قىزىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كېرىيىلىك ئاتاقلىق تېۋىپ ئەھمەد ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىدە، ئەھمەد ھاجىم ئۇنىڭ شېرىن دورغىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكىنى

بىلىپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتكەن
ۋە: «شېرىن دورغا ۋە مىسكىن ھاجىمنىڭ چوڭ دا-
دىلىرى كېرىيىگە يېڭىچە مۇسۇلماندارچىلىقنى ئې-
لىپ كەلگەن ئۇلۇغ كىشىلەر ئىدى» دېگەن. شېرىن
دورغا ئەۋلادلىرىنىڭ شېرىن دورغىنىڭ تەققى تۇرقى
ۋە قىياپىتى ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن بايانلىرىغا قا-
رىغاندىمۇ شېرىن دورغا يۈزلىرى كەڭ، ناھايىتى
بەستىلىك، كۆتمەك ساقال قويىۋالغان كىشى بو-
لۇپ، شۇ دەۋردىلا تۆت يانچۇقلۇق كالتە كىيىم بىلەن
شىلەپە كىيىپ يۈرىدىكەن. ئۇ يېڭى كەلگەندە، شۇ
ۋاقىتتىكى يۇرت كاتتىلىرى ۋە دىنىي ئۆلىمالار ئۇ-
نىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قى-
لىشىپ ئۇنىڭغا: «مۇشۇنداق پەرەڭچە ئېگىن كىيىپ
يۈرۈپ گۇناھقا پاتسىلا، ئاخىرەتتىكى سوئال ـ سو-
راقتا قانداق جاۋاب بېرەلا؟» دېگىنىدە شېرىن دورغا
ئۇلارغا «ئاخىرەتتىكى سوراقنى شېرىنىدىن سورامدى-
كىن، ئېگىنىدىنمۇ؟» دەپ مەسخىرىلىك جاۋاب بەر-
گەن. بۇ خەلقىمىز كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر جاھا-
لىتىدە ياشاۋاتقان ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئاجايىپ ئىسيانكارلىقنى ئىپادىلىگەن جاۋاب بولۇپ،
شېرىن دورغا دۇنيا قارىشىنىڭ مەلۇم بىر چېقىنى
سۈپىتىدە ئۇنىڭ مەنىۋىيەت ئالىمىدىن ئۇچۇر بېرە-
لەيدۇ. ئۇنىڭ تۆت يانچۇقلۇق كالتە چاپان ۋە شىلەپە
كىيىپ يۈرگىنىدىن ۋە ئەھمەد ھاجىمنىڭ ئۇ ھەقتە
ئېيتقان يۇقىرىقى سۆزىدىنمۇ ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىلا
دۇنياۋى ئىشلاردىن خەۋەردار، كۆپنى كۆرگەن تەرەق-
قىيپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئا-
ۋۇت شەيخنىڭ يەنە ئېيتىپ بېرىشىچە شېرىن دورغا
كېرىيىگە 70 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان ۋاقىتتا
(تەخمىنەن 1840 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كې-
لىدۇ.) كەلگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىمۇ ئۇ خۇددى
ياش كىشىلەردەك ساغلام ۋە ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ
تۇرىدىغان تازا قىرانلىق دەۋرى ئىكەن. ئۇ مۇسا بەگ
بىلەن 15 ـ 20 يىل ئەتراپىدا يۇرتدارچىلىق قىلىدۇ ۋە
بۇ جەرياندا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلا-
شقان ئاقيار كۆلىدىكى پولات ئاتقۇچىنىڭ قىزىغا
ئۆيلىنىپ، بالا ـ چاقىلىق بولىدۇ. شېرىن دورغا
ئۆيلەنگەن بۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى
ئېنىق ئەمەس، ئەمما بۇ ئايالنىڭ ھېزىمھاجىم،
سەيدىھاجىم، سىدىقھاجىم ئاتلىق ئۈچ ئاكىسى بو-
لۇپ، ئۇلار ئەينى دەۋرنىڭ كاتتا بايلىرىدىن ئىكەن
ھەمدە ئاقيار كۆلىنىمۇ مۇشۇ كىشىلەر قازدۇرغان،
شۇڭلاشقا بۇ كۆل ئەل ئىچىدە «سەيدىھاجىم كۆلى»
دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر.

مۇسا بەگ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىبراھىم بەگلەر
كېرىيەنىڭ تەبىئىي ئېكىئولوگىيىسىنى قوغداش ۋە
تەبىئىي شەرت ـ شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئىگىلى-
كىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى
كۆرسەتكەن، كېرىيە تارىخىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ھۆ-
كۈمدارلاردىن بولۇپ، ئۇلار چۆل ـ باياۋانلارغا يۈرۈش
قىلىپ، بوز يەر ئېچىپ، ئاھالە كۆچۈرۈپ بىر مۇنچە
چۆل ـ جەزىرىلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغان، شۇنداقلا نۇر-
غۇنلىغان يېڭى كەنت ۋە تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى بەرپا
قىلغان. كېرىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇنبەت
تۇپراق ئويتوغراقنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كونا
ئېقىن ۋادىسى (ھازىرقى ئاپتاپلىق كۆل، تەتۈر كۆل)
بۇكىباراقسان توغراقزارلىق بولۇپ، بۇ توغراقزارلىق
ئويتوغراق بوستانلىقىنىڭ قۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشتىكى تەبىئىي توساق بولۇپلا قالماي، قەدىمكى
كارۋان بۈيۈك يوللىرىمۇ مۇشۇ توغراقزار ئېقىنىنى
بويلاپ ئۆتەتتى. بۇ ئالاھىدىلىك بۇ جاينى بەلگىلىك
ئاۋاتلىقىمۇ ئىگە قىلغان، مۇسا بەگ بۇ توغراقزار-
لىقنىڭ قالايمىقان كېسىشلەر سەۋەبلىك نابۇت بو-
لۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە قەدىمىي يىپەك يو-
لىدىكى بىر مۇھىم ئۆتەڭ بولغان بۇ خىلۋەت ماكاننى
ئېكولوگىيە كاپالىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بۇ
توغراقزارلىقنى قوغداشنى خەلق قەلبىدە بەلگىلىك
ھۆرمەتكە ئىگە بولغان شېرىن دورغىغا تاپشۇرغان (-
تارىختىكى سانسىزلىغان تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن
غالىب كېلىپ، ئۆز ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن

www.uyghurkitap.com

بۇ توغراقزارلىق 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ 70 ـ يىللىرىغىچە ئۆزىنىڭ بۈكباراقسانلىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە قالايمىقان كېسىپ يېقىلغۇ قىلىش ھەمدە قارىغۇلارچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاپەتلەر بىلەن نابۇت بولۇپ كەتكەن، ئىزناسى ھازىرمۇ بار.) شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھيىمىزنىڭ شەرقىدىكى ئويتوغراق يېزىسىدىمۇ ئۆي ـ ماكان بەرپا قىلغان ۋە ئويتوغراق بوستانلىقى بىلەن كېرىيە بازىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان.

مۇسا بەگ يۇرتدارچىلىق جەريانىدا ئۇقۇمۇشلۇق شېرىن دورغىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇش، مەشرەپ ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىغا شېرىن دورغىنى تەكلىپ قىلماي قالمايدىكەن ۋە سورۇنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەمداستىخىنى، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمسۆھبەتى سۈپىتىدە يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. شېرىن دورغىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان شېرىن سۆزلىرى، قىزىقارلىق چاقچاقلىرى، ئەتراپلىق پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى ۋە ئەل ـ خەلقنىڭ ئاھۇ زارىنى يارقىن ئىپادىلەيدىغان ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى بۇ خەلقپەرۋەر ھۆكۈمدارنى ئۆزىگە قاتتىق مەھلىيا قىلغانىكەن. شېرىن دورغا ۋاپاتىنىڭ ھارپا ئاخشىمىمۇ مۇسا بەگنىڭ بىر خىزمەتكارى ئاقيار كۆل بويىدىكى قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئارام ئېلىۋاتقان شېرىن دورغىنى مۇسا بەگنىڭ ئۇنى شەنبە بازاردىكى بىر چاي زىياپىتىگە بىرلىكتە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەن، ئەزەلدىن كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن قەلب گۈللىرىنى ياشنىتىپ كەلگەن، ئۆز ئۆمرىدە ئاغرىق ـ سىلاقنىڭ دەردىنى تارتىپ باقمىغان، چېھرىدىن شادلىق يېغىپ تۇرىدىغان بەقۇۋۋەت شېرىن دورغا خىزمەتكارغا خۇددى كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەكلا مۇڭلۇق بىلەن «مۇسا بېگىم چاي دېدۇ، ئەزرائىل جان دېدۇ، ناۋادا ئەزرائىل جان ئالمىسا ئەتىگىچە يېتىپ بارارمەن» دېگەن ھەمدە شۇ ئاخشىمىلا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلغان، ئۇ ۋاپات بولغاندا، قېيىنئانىسى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇققانلىرى يېنىدا بار ئىكەن (ۋاپاتىدا قېيىنئانىسىنىڭمۇ يېنىدا بولىشى 107 يىل ئۆمۈر كۆرگەن شېرىن دورغىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ 70 ياشلار ئەتراپىدا كېلىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ). شېرىن دورغا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ مېيىتىنى مۇھتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ۋە خەلقلىرى قىزغىن ھېمايە قىلغان ئويتوغراق بوستانلىقىغا يۆتكەپ، ئويتاغراقتىكى مەشھۇر بۇغراقۇم مازىرىغا دەپنە قىلغان. شېرىن دورغىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر ئېچىنغان مۇسا بەگ ۋە ئامبال مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر توپاق ۋە 20 چارەك گۈرۈچ بىلەن ئويتوغراقتا كاتتا نەزىر ئۆتكۈزگەن ۋە يەتتە كۈنگىچە قايتماي ئالخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئۆزى بىر قوللۇق باشچىلىق قىلغان.

شېرىن دورغىنىڭ ئۆيلەنگەن ئائىلىدىن قۇرباننىياز ۋە ئىمىن دەپ ئىككى ئوغلى، خەلچىخان ئاتلىق بىر قىزى بولغان بولۇپ، قۇرباننىياز دورغا ھاياتىدا پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن؛ ئىككىنچى ئوغلى ئىمىن بولسا شېرىن دورغا ۋاپاتىدىن كېيىن ئويتوغراقتىكى كاتتا مازار بولغان بۇغراقۇم مازىرىنىڭ شەيخى بولغان. بۇغراقۇم مازىرىنىڭ ئون مو ۋەخپى يېرى بولۇپ، ئىمىن شەيخ شۇ ۋەخپى يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغان ھەمدە ۋەخپە يەردىن چىققان ھوسۇلنى شۇ دەۋردىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسلىرىگە مائاش قىلىپ تارقىتىپ بېرىپ، ئەينى دەۋر پەن ـ مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ شېرىن دورغىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇغراقۇم مازىرىنىڭ شەيخلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەپ كەلگەن ھەمدە «شەيخ» دېگەن بۇ نام شېرىن دورغىنىڭ ئوغۇل تەرەپ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەت نامى (فامىلىسى) بولۇپ

قالغان. ئۇلار هازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە. قىزى خەلچىخان بولسا، ياتلىق بولۇپ بالا ـ چاقىلىق بولغان، ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرى «شىرىن» دەپ ئاتالغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ شىرىن دېگەن بۇ سۆز شىرىن دورغىنىڭ قىز تەرەپ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەت نامى (فامىلىسى) بولۇپ قالغان، ئۇلارمۇ هازىرغا قەدەر شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئىمىن شەيخنىڭ مەترەھىم شەيخ، پولات شەيخ، مەمتىلى شەيخ، مەتقۇربان شەيخ، مەمەت شەيخ ۋە نىياز شەيخ قاتارلىق ئالتە ئوغلى بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەل ئىچىدە مەتقۇربان رەئىس ئاخۇنۇم دەپ مەشهۇر بولغان مەتقۇربان شەيخ بولۇپ، ئۇ 1949 ـ يىلىدىن كېيىن كېرىيە دىنى بىرلىكسەپىنىڭ رەئىسى بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى سورىغان ۋە ئۆزىنىڭ جامائەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتىكى ئادىللىقى ۋە ماهىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتچىلىقى بىلەن جامائەتنىڭ چوڭقۇر هۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا پولات شەيخ بىلەن مەمتىلى شەيخ شۇ دەۋرنىڭ تەڭداشسىز پالۋانلىرى بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، هازىرقى دەريا بويى يېزىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپى، قارىخان مەيدانىنىڭ ئاياغ تەرەپلىرىدە هاللىق خوجىلارغا قارايدىغان بىپايان يايلاقلار بولۇپ، پولات شەيخ بىلەن مەمتىلى شەيخ ئىككىسى ئۇلار بەرگەن يايلاقتا ئۆزلىرىنىڭ مال ـ چارۋىلىرىغا هاللىق خوجىلارنىڭ قوي، ئاتلىرىنى قوشۇپ باقىدىكەن، ئۇلار 1890 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا كېرىيە قاراخان مەيدانىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يوغان توغراق دېگەن جايدا مال بېقىۋېتىپ، ئاتلىرىنى يەپ كەتكەن بىر يولۋاسنى بايقاپ قالغان ۋە پولات شەيخنىڭ باتۇرلۇق كۆرسىتىشى بىلەن بۇ يولۋاسنى پەم پاراسەت بىلەن ئۆلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ «زىيانداش» نى ئۆلتۈرۈپ مال ـ چارۋىلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغان تۆھپىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئىينى ۋاقىتتىكى كېرىيە بەگلىكى ئۇلارغا مىلتىق مۇكاپات بەرگەن، گەڭگۈشتەر ئوشۇقىنى بەللىرىگە تاڭغان، هاللىق خوجىلار ئۇلارغا تون ياپقان. بۇ تون هازىرمۇ ئاۋۇت شەيخنىڭ ئۆيىدە ساقلانماقتا. يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى ئىينى ۋاقىتتىكى كېرىيىنىڭ بېگى زالىملىقتا داڭقى چىققان يۇسۇپبەگ شاما («كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ سانىدىكى مەرهۇم ئىمىن رەئىس هاجىم ۋە ئىمىن روزىلارنىڭ ئەسلىمىسىدە يۇسۇپ بەگ شاما هەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن، ئەمما كېرىيە تارىخىدا يۇسۇپ بەگ شامىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككىسى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئالدىنقىسىنى كۆرسىتىدۇ) يەۋالغان. يولۋاسنىڭ پۆررىكى بولسا هازىرغا قەدەر پولات شەيخنىڭ ئوغلى شىرىن دورغىنىڭ چەۋرىسى 98 ياشلىق هاشىم پولاتنىڭ ئۆيىدە ساقلانماقتا. ئۆيتوغراق يېزىسىدا هازىرمۇ پولات شەيخ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئائىت ئىش ـ ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا هېكايە قىلىنىپ سۆزلەنمەكتە. بۇ يولۋاس 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئاخىرقى قېتىم بايقالغاندىن هازىرغىچە هېچكىم ئۇچرىتىپ باقمىغان، بەلكىم ئۇ نەسلى يوقالغان ئەتىۋارلىق ياۋايى هايۋان دەپ قارىلىپ ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن «ئىزدەپ تاپقۇچىلارغا بىر مىليون يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ» دەپ خەۋەر بېرىلىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا غۇلغۇلا قوزغىغان تارىم يولۋىسى بولۇشى مۇمكىن.

شىرىن دورغىنىڭ هازىر ئۆيتوغراقتا بىر نەچچە چەۋرىسى، يۈزدىن ئارتۇق ئەۋرىسى، نەچچە يۈز پەيئەۋرىسى «شەيخ» ۋە «شىرىن» دېگەن جەمەت نامىدا ئۆيتوغراق بوستانلىقىنىڭ غوللۇق ئاهالىسى سۈپىتىدە ياشاپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: كېرىيە ناهىيىلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم




# يۇرۇڭقاش بويىدىكى تۇلپار مارشى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

مەتتوختى رەجەپ (تارام)

## مۇقەددىمە

ئالتۇن كۈز پەسلى گۈزەل خوتەن بوستانلىقىغا ئامەت ئېلىپ كەلگەن، ھەممە ياق مول ھوسۇل خۇشاللىقىغا چۆمگەن خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى — يۇرۇڭقاش دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدا، زامانغا لايىق سېلىنغان، «خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ماشىنا ئېلېكتر چەكلىك شىركىتى» قەد كۆتۈرۈپ ئازادە، چىرايلىق بېزەلگەن، دۇكاندىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەرخىل، نۇسخىدىكى ماشىنىلار كۆزلەرنى چاقناتتى.

بىر يىلنىڭ ئالدىدا، ئەخلەت ـ چاۋار تۆكۈلۈپ، ئادەم قارىسا يىرگىنىدىغان بۇ پاسكىنا سازلىقتا ئەسلىھەلىرى زامانىۋى، كۆركەم بىر شىركەتنىڭ قەد كۆتۈرۈپ، قايناق بىر بازارنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. شىركەت ئالدىدىكى دۆلەت 315 ـ نومۇرلۇق ماي يولدىن ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەر شىركەت زالىدا چاقناپ تۇرغان رەڭدار پىكاپلارغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. مەپە ۋە ئېشەك ھارۋىلىرىدا ئولتۇرۇپ، كۆركەم، چىرايلىق ماشىنىلارغا بويىنىنى سوزۇپ قاراشىۋاتقان دېھقانلار: «بىزنىڭ خوتەنىمىزدا ماشىنا، پىكاپ ساتىدىغان چوڭ شىركەت بارلىققا كەپتۇ، بۇ شىركەتنى دۆلەت قۇرغانمىدۇ؟ ياكى بىرەر جىگەرلىك يىگىت قۇرغانمىدۇ؟ مەيلى كىم قۇرۇمىسۇن، بۇ ياقا يۇرتقا نىسبەتەن چوڭ بىر يېڭىلىق، مۆجىزە بولۇپتۇ،» — دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ شىركەتنى قۇرغۇچىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرگىسى، گۈلدەستە تۇتقۇسى، رەھمەت ـ تەشەككۈر ئېيتقۇسى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا تاغدەك ئېغىر مۇشكىلاتلارنى يېڭىپ، خوتەن شەھىرىدىكى تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن، بۇ ماشىنا ئېلېكتر خۇسۇسىي شىركىتىنى قۇرغۇچى، ئىقتىدارلىق ياش كارخانىچى، جىگەرلىك يىگىت مۇھەممەتجان ئىدى. ئەنە، ئۇنىڭ باسقان ئىزلىرىدىن ساپ تەرنىڭ جۇلالىق نۇرلىرى چاقنىماقتا.

## بوشلۇق ۋە ئىرادە

2001 ـ يىلى كۈز پەسلىدە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان، ۋىلايەتلىك 7 ـ ترانسپورت شىركىتى، رېمونت زاۋۇتىنىڭ مەسئۇللىقىنى، دادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، زاۋۇتنى ۋەيران بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ، زور ھاياتى

كۈچ بىلەن كەلگۈسى ئۈچۈن غەم-قايغۇغا چۆمگەن ئىشچىلارنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق ئاتا قىلغان مۇھەممەتجان قاتناش ترانسفورت بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتوموبىل سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەت قۇرۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە مۇشۇ ئىشى ئۈستىدە باش قاتتۇرۇپ ئاخىرى ئەقىل تاپتى.

رېمونت زاۋۇتىدا ئىش باشلىنىپ، ئىشچىلار خۇشاللىققا چۆمگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇھەممەتجان، 7-ترانسفورت شىركىتى، رېمونت زاۋۇتىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى، دوست-يارەنلىرىنى يىغىپ سۆھبەت ئۇيۇشتۇردى. ئۇ كۆپچىلىككە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا —— يولداشلار ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان رېمونت زاۋۇتىمىز قايتىدىن ئىش باشلاپ ھاياتى كۈچكە تولدى. يەنە بىر ئايدىن كېيىن چوقۇم مائاش تارقىتىمىز. قولۇڭلارغا پۇل كىرىدۇ، —— دېدى. ئىشچىلار گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. مۇھەممەتجان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ

—— ۋىلايىتىمىزدىكى كارخانىچىلار، يەككە سودا-سانائەتچىلەر بازار ئىگىلىكىنىڭ گۈزەل ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتىدۇ، لېكىن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قاتناش-ترانسفورت بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىز ئۈچۈن ئېچىلمىغان بوز. ئاپتوموبىل، ماشىنا، پىكاپ سېتىۋالىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر، ئىدارە-ئورگانلار ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ماشىنا ساتىدىغان شىركەتلەرگە، زاۋۇتلارغا بېرىپ جاپا تارتىۋاتىدۇ. ئەگەر ئورتاق ھەمكارلىشىپ، ئاپتوموبىل ساتىدىغان شىركەتنى قۇرۇپ چىقساق، ۋىلايىتىمىزنىڭ قاتناش-ترانسفورت بازىرىنى ھەمدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە كۆپ پايدىلىق. بىزنىڭ رېمونت زاۋۇتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزغا پايدىلىق. بىزنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان بىر قىسىم پەرزەنتلىرىمىز ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. قىسقىسى ئۇلاردىن بىر قىسمى ئىش ئورنىغا چىقالايدۇ. ماشىنىغا ئېھتىياجلىق كىشىلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. بىز بۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانساق، ئىقتىسادىي جەھەتتىن چوقۇم پايدىغا ئېرىشەلەيمىز. مەن بۇ شىركەتنى قۇرۇشقا كۈچلۈك ئىرادە تىكلىدىم. ئائىلەمدىكى تۇرمۇشتا زۆرۈر بولمىغان ئۆي سەرەمجانلىرىمنى پۇل قىلىپ، يىققان پۇللىرىم بىلەن 100 مىڭ يۈەن تەييارلىدىم، دوستلارنىڭ، خىزمەتداشلىرىمنىڭ، مۇشۇ سورۇندىكى بارلىق يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پاي قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قوشقان پايغا قاراپ پايدا ئالىسىلەر. «تاما-تاما كۆل تولار» دېگەن گەپ بار. كۆپچىلىك ئورتاق كۈچ چىقارساق يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق، تولدۇرغىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق دېدى —— كۆپچىلىك يەنە ئالقىش ياڭراتتى. مۇھەممەتجاننىڭ بۇ كۈچلۈك ئىلتىجا سۆزلىرى كىشىلەر قەلبىنى قايىل قىلدى.

مۇھەممەتجاننىڭ بىر قانچە يىللار جەريانىدىكى خىزمەتلەردە يىلمۇ يىل تۆھپە ياراتقان، «قىلىمەن دېگەننى قىلىدىغان» كەسكىن، جىگەرلىك، شىجائەتلىك ياش، قابىل يېتەكچى، ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان رېمونت زاۋۇتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىقتىدارلىق كارخانىچى ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئاپتوموبىل سې-

تىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتنى قۇرۇپ رۇناق تاپقۇزۇشىغا ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرقانچە كىشى نەق مەيداندا پاي قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر قانچىسى تىرىشىپ كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى.

شۇنداق قىلىپ بىر ئايدەك ۋاقىتتا 7 ـ ترانسفورت شىركىتىدىن 45 نەپەر كىشى بىر مىليون 800 مىڭ يۈەن پاي قوشتى. مۇھەممەتجاننىڭ قەلبى شادلىققا چۆمدى. ئۇ مەبلەغ ھەل قىلىشتىكى تۈنجى قەدەمنى غەلىبىلىك باسقانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈندى. بىراق يىغىلغان پۇل كۆزلىگەن نىشانغا يەتمەيتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ خوتەندە ئۇنىڭغا پاي قوشقىدەك ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك بىرەر شىركەت يوق ئىدى. ئۇ تەكرار باش قاتتۇرۇپ، ئاخىرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئىقتىسادىي كۈچلۈك كارخانىلارغا ئىلتىجا قىلىش، مۇراجەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى. مۇھەممەتجان رېمونت زاۋۇتىنىڭ باشقۇرۇش، يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى يارىدەمچى خادىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، كورلا، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى، كۈيتۈن، غولجا، ئالتاي، چۆچەك، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىگە باردى. داڭلىق شىركەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. قانچىلىغان كۈنلەرنى، تۈنلەرنى، جاندىن ئۆتكىدەك سوغۇق شامال ھۇشقۇرتىۋاتقان ناچار تەبىئىي شارائىت ئىچىدە سەپەر بىلەن ئۆتكۈزدى. سەپەر ئىچىدە قانچە قېتىملاپ قۇرۇق نانلارنى يەپ، موكچىيىپ، تالچىقىپ، ساناقسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى، رىيازەتلەرنى چەكتى. گەرچە ئۇ، بۇ قېتىم ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغان بولسىمۇ، تەجرىبە ساۋاقتا ئىگە بولدى.

2002 ـ يىلىنىڭ باش باھارى. ھاۋا ئىللىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى مۇزلار ئېرىپ، قۇشلار يېقىملىق سايراشقا باشلىغان كۈنلەردە، مۇھەممەتجان يەنە 2 ـ قېتىملىق سەپەرگە ئاتلاندى. ئەمدى ئۇ، بارغانلىكى شەھەرلەردىكى داڭلىق شىركەتلەرگە مەبلەغ چىقىرىش توغرىسىدا، ئالدىنقى قېتىمغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلتىجا قىلدى. قۇرىماقچى بولغان شىركەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى، زۆرۈرلىكى، تىجارەتتە پايدا تېپىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلى، ئەتراپلىق تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

يازنىڭ تونۇردەك پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. مۇھەممەتجان يەنىلا مەبلەغ ھەل قىلىش سەپىرىنى توختاتمىدى. ئۇ كۆڭلىدە «ھامان ماڭا بىر كۈنى مەبلەغ چىقىرىدىغان بىرەر شىركەت چىقىدۇ» ـــ دەپ ئويلايتتى. كۈنلەر ئۈمىد ـ ئىشەنچ يولىدا ساناقسىز خاتىرىلەرگە شاھىد بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. سىنتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. مۇھەممەتجاننىڭ پاي چىقىرىش توغرىسىدا قايتا ـ قايتا ئىلتىجا قىلغانلىقىدىن ھەمدە بەش قېتىمدىن ئارتۇق سەپەر قىلىپ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن «سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا گورۇھى» نىڭ مەسئۇللىرى (ئاپتومبىل سودا تىجارىتى كەسپىدىكى شىركەت) مۇھەممەتجانغا تېلېفون بېرىپ، مەبلەغ چىقىرىش توغرىسىدا خوتەنگە سۆھبەتكە بارىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى. مۇھەممەتجان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىنى قەلبىگە سىغدۇرالماي قالدى. دېگەندەك بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ «سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا گورۇھى» نىڭ مەسئۇللىرى خوتەنگە يېتىپ كەلدى

دەۋاگەر بوش كەلسە، قازى موتىھەم بولۇپتۇ.

. مۇھەممەتجان ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مېھمانلار مۇھەممەتجاننىڭ مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىۋاتقان ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، ئاپتوماتىك ماشىنا تەكشۈرۈش ئورنى، قۇرماقچى بولغان شىركەتنىڭ ئورنى، تەييارلىنىۋاتقان قاتارلىقلارنى تەپسىلى كۆردى. مۇھەممەتجاننىڭ ماشىنا رېمونت زاۋۇتىنى روناق تاپقۇزۇش، كارخانا باشقۇرۇش ھەققىدىكى تەجرىبە ـ دوكلاتىنى، ئاپتوموبىل سودا تىجارەت شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى لايىھە ـ پىلانلىرىنى تەپسىلى ئاڭلاش ئارقىلىق مۇھەممەتجاننىڭ ئىقتىدارلىق، قابىل بىر كارخانىچى ئىكەنلىكىنى، ئۇ قۇرماقچى بولغان شىركەتنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

«سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا گورۇھى» مەسئۇللىرى مۇھەممەتجان بىلەن ئۈچ ئاي سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، ئەھۋال ئىگىلەش، ئويلىنىش، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ چۈشىنىش ئارقىلىق ئاخىرى مۇھەممەتجانغا تۆت مىليون 200 مىڭ يۈەن پاي قوشۇدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى. مۇھەممەتجاننىڭ قەلبى چەكسىز سۆيۈنۈپ، ئۈمىدكە تولدى.

2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇھەممەتجاننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىق، خاسىيەتلىك بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، پوجاڭزىلار ئېتىلىپ ۋىلايەتلىك 7 ـ ترانسىفورت شىركىتىنىڭ زالىدا «خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ماشىنا ئېلېكتر چەكلىك شىركىتى» قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. بۇ كاتتا يىغىنغا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەسئۇللىرى، «سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا گورۇھى» ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەرلىرىدىن كەلگەن، ئاپتوموبىل تىجارەت كەسپىدىكى 50 دىن ئارتۇق شىركەت مەسئۇللىرى، 7 ـ ترانسىفورت شىركىتى، رېمونت زاۋۇتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قاتناشتى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، «سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا گورۇھى» قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى شىركەت قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن سۆز بايان قىلىشتى.

مۇھەممەتجان 2002 ـ يىلى يازدا بىر تەرەپتىن، قۇرماقچى بولغان شىركەت ئۈچۈن مەبلەغ ھەل قىلىش يولىدا ئىزدەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، شىركەتنى قايسى ئورۇنغا قۇرۇش توغرىسىدا ئويلىنىپ يەر تاللاشقا كىرىشكەنىدى. ئۇ، خوتەن شەھىرىنىڭ ھەر قايسى كوچا ـ رەستىلىرىنى، شەھەر ئەتراپىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا يۇرۇڭقاش دەرياسى ساھىلىدىكى، سۈيى سېيىق پۇراپ تۇرىدىغان، ئەخلەت ـ چاۋار تۆكۈلىۋاتقان، كىشى قارىسا كۆڭلى غەش بولىدىغان سازلىققا چۈشتى.

سازلىققا قاراپ ئويلىنىپ قالدى: يۇرۇڭقاش دەرياسى كۆۋرۈكى خوتەن شەھىرىگە كىرىشتىكى شەرقى دەرۋازا، ئۆيگە مېھمان باشلىساق مېھماننىڭ كۆزى ئالدى بىلەن دەرۋازا ئالدىغا چۈشىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئالدىنىڭ مۇھىتى گۈزەل بولسا مېھماننىڭ قەلبى شادلىنىدۇ. بۇ سازلىق خوتەن شەھىرىنىڭ گۈزەل مۇھىتىنى نامايان قىلىشقا ئېغىر نۇقسان بولۇپ تۇرماقتا، خوتەن شەھىرىگە دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن مېھمانلار مۇشۇ يۇرۇڭقاش دەرياسى كۆۋرۈكى ئارقىلىق كىرىدۇ. شۇڭا يۇرۇڭقاش دەرياسى كۆۋرۈكى يېنىدىكى بۇ سازلىقنى ئۆز-


ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەرلەرنى بىرلا مەتبۇئاتقا ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com



گەرتىش تولىمۇ زۆرۈر. شۇڭا مەن شىركەتنى مۇشۇ سازلىققا قۇرۇپ، سازلىقنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتسەم، بىر تەرەپتىن، خوتەن شەھىرىنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە تۆھپە قوشالايمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، تاشلاندۇق سازلىق نەق پۇلغا ئايلىنىپ، خوتەننىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

مۇھەممەتجان شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ شىركەتنى ئاشۇ سازلىققا قۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى. دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا دوكلات يازدى. خوتەن شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار مۇھەممەتجاننىڭ ئەشۇ تاشلاندۇق سازلىقنى سېتىۋېلىپ ئۆزگەرتمەكچى بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، رەسمىيەتلەرنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ 39 مو تاشلاندۇق سازلىق بىر مىليون 200 مىڭ يۈەن نەق پۇلغا ئايلاندى.

باش باھار مەۋسۇمىدە ئەزىم دەريا يورۇڭقاشنىڭ بويىدا شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. مۇھەممەتجاننىڭ بىر قىسىم دوست ـ يارەنلىرى، تونۇش ـ بىلىشلىرى: «مۇھەممەتجان پۇلغا سېتىۋالغاندىكىن شىركەت قۇرۇشقا تاۋارنىڭ گۈلدەك يەرنى تاللىسا بولماسمىدى؟ بۇ سېسىق سازلىققا پۇلنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدىغان بوپتۇ.» دېيىشتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي 1280 كۋادرات مېتىرلىق كۆركەم بىنا قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئازادە، كۆركەم ماشىنا سېتىش دۇكانلىرىغا سانتانا، شالى، نىسسان، پالادىين، چاڭئەن، گىلى پىكا، سۇڭخۇاجاڭ قاتارلىق داڭلىق 10 نەچچە خىل ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پىكاپ سېلىندى. جۇڭگو 1 ـ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ خوتەن ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى ـــ جىڭدا شىركىتى، جۇڭگو 2 ـ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ خوتەن ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى ـــ جىڭچى شىركىتى، شاڭخەي «داجوڭ» ماشىنا شىركىتى ـــ خوتەن تارماق شىركىتى، تيەنجىن «شالى» ماشىنا سېتىش شىركىتى ـــ خوتەن ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى قاتارلىق ۋاكالىتەن سېتىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ شىركەت بىلەن ھەمكارلاشتى.

مۇھەممەتجان ماشىنا سېتىۋېلىشتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىسىلىپ قالغانلارغا، قۇرۇلۇش بانكىسى ئارقىلىق، ماشىنا سېتىۋالغان پۇلنىڭ 70% تىنى قەرز بېجىرىپ بېرىپ، خېرىدارلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. شىركەتكە دەسلەپكى قەدەمدە 25 نەپەر خادىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئون نەپىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىيلار، ئىش ئورنىدىن قالغانلار ئىدى.

بۇ شىركەت جۇڭگو 1 ـ، 2 ـ ئاپتوموبىل زاۋۇتى، يۈتۇڭ، كاڭمىڭنى، يۇسەي، ۋىسەي، داسەي، شىسەي، چاۋسەي، تيەنجىن شالى، ليۇجوۋ، شاڭسەي قاتارلىق جۇڭگودىكى داڭلىق 20 نەچچە ئاپتوموبىل زاۋۇتى ۋە موتور زاۋۇتلىرىنىڭ خوتەندىكى ئاپتوموبىل تېخنىكا مۇلازىمەت شىركىتى بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ ماشىنا سېتىۋېلىشتىن كېيىنكى تېخنىكا، مۇلازىمەت ئىشلىرىنى يۇقىرى سۈپەت، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن قىلىپ، خوتەندىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شىركەتنىڭ ماشىنا سېتىش، سودا ـ ئوبوروت رىقابەت كۈچىنى ئەشۇرۇش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، ماشىنا باھاسىنى مەملىكەتنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىكى پارچە سېتىلىۋاتقان ماشىنا باھاسىدىن ئەرزان بولۇشقا، يەنە بىر تەرەپتىن، بەلگىلەنگەن يول مۇساپىسى ئىچىدە بۇزۇلغان ماشىنىلارنى ھەقسىز رېمونت قىلىپ

بېرىشكە كېپىللىك قىلدى. يەنە، «شاڭخەي داجوڭ» ماشىنا شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتوماتىك ئالىي دەرىجىلىك رېمونت مەركىزى قۇرۇپ، ماشىنا سېتىۋالغاندىن كېيىنكى خېرىدارلارنىڭ تېخنىكا، مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ياخشى قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

بۇ شىركەت يەنە خوتەن ۋىلايەتلىك كونا ماشىنا سودا ـ سېتىق مەركىزى قۇرۇپ، بازار ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاپ، كونا ماشىنا ساتىدىغان، ئالىدىغانلار ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ ئاسانلىق يارىتىپ بەردى.

### تاقالغان زاۋۇتنى قۇتقۇزۇش

2001 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئايلىرىدا 40 مو يەر، ئالتە مىليون مەبلەغ 160 نەپەر ئىشچى خىزمەتچىسى بار، ۋىلايەتلىك 7 ـ ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاپتومابىل رېمونت زاۋۇتى، ئاپتوماتىك ماشىنا تەكشۈرۈش ئورنى يىلمۇ يىل زىيان تارتىپ تاقىلىش گىردابىغا بېرىپ يەتتى. مائاش تارقىتالمىغانغا ئۈچ ئاي بولدى. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قىيىنلىشىپ، ئۇلارنى غەم ـ قايغۇ چىرمىۋالغان ئىدى. ئىشچىلار كەلگۈسى ئۈستىقبالىدىن قايغۇرۇپ قەلبىنى ھەسرەت ـ نادامەت، پىغان قاپلىغان ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا زاۋۇت ئەمدى تاقىلىپ كېتەرمۇ؟ بىزنى يېتەكلەپ يورۇقلۇققا باشلايدىغان بىرەر جىگەرلىك يولباشچى چىقماسمۇ؟ ــ دېيىشىپ، باشلىرى تاشتەك قاتقانىدى. كېچىلىرى كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى. ئۇلار زاۋۇتنى، ئۆزلىرىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدىغان، بىرەر جىگەرلىك قابىل ئوغلاننىڭ كۆكرەك كېرىپ چىقىشىغا تولىمۇ تەشنا ئىدى.

دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە، زاۋۇت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەتجان كۆكرەك كېرىپ چىقتى. ئۇ زاۋۇتنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە، زاۋۇتنى روناق تاپقۇزۇشقا بەل باغلىدى. ئىشچىلار چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپ، مۇھەممەتجانغا ئەگەشتى.

مۇھەممەتجان ئالدى بىلەن زاۋۇتنىڭ ئىش ھالقىلىرىنى رەتكە سالدى. ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى، كەسىپتىكى ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇردى. قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ئىشقا قويدى.



تەشكىلىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئىش ئۈنۈمىنى، سۈپەت ئۆتكىلىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مۇكاپات ـ جازانى نەقلەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ بۇ رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىپ خېرىدارلار كۆپىيىشكە باشلىدى. مۇھەممەتجاننىڭ ۋە ئىشچىلارنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئىش باشلىنىپ ئىككى ئايدىن كېيىن، بۇ زاۋۇتتىكى ئىشچىلارغا، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مائاش تارقىتىلىشقا



بۆرتالا ئوبلاستىدىكى ئەدىبلەرگە ئوتلۇق سالام.

www.uyghurkitap.com



باشلىدى. بەش ئايدىن بېرى، مائاش ئالالمىغان ئىشچىلار مائاشىنى ئالغاندا، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، مۇھەممەتجانغا، بۇ قابىل، ئىقتىدارلىق كارخانىچىغا چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى.

## ئۆزلۈكسىز تۆھپە يارىتىش

ھايات مۇساپىسىدە 20 باھارنى بېسىپ ئۆتكەن مۇھەممەتجان 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى پۇختا ئىگىلەپ، خوتەن ۋىلايەتلىك 7 ـ ترانسفورت شىركىتىنىڭ شوپۇرلىقىغا تەقسىم قىلىندى. 1987 ـ يىلغىچە شوپۇرلۇق قىلىش جەريانىدا ئەگ خەتەرلىك يول شىزاڭنىڭ ئالىي رايونىغا 16 قېتىم بىخەتەر قاتنىدى. سەپەر ئۈستىدە سەپداشلىرىنىڭ ماشىنىلىرى بۇزۇلۇپ قالسا رېمونت قىلىشىپ بەردى، پاتقاقتا ياكى بوش توپىلارغا پېتىپ قالسا چىقىرىشىپ، ئۆرۈلۈپ كەتسە يۆلۈشىپ بېرىپ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇردى. رەھبەرلىك تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ھەر ۋاقىت ياخشى ئورۇنداپ، ھەر يىلى مۇنەۋۋەر شوپۇر بولۇپ، رەھبەرلىكنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى. تەشكىل ئۇنى 1987 ـ يىلى ۋىلايەتلىك 7 ـ ترانسفورت شىركىتى 1 ـ كالونىنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. ئۇ شۇ يىلىلا زىياننى تۈزلەپ كالونغا 120 مىڭ يۈەن پەيدا تاپشۇردى. 1991 ـ يىلى رەھبەرلىك ئۇنى ئاق تاش كالونىنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا يۆتكىدى. مۇھەممەتجان بۇ كالونغا كەلگەندىن كېيىنمۇ رەھبەرلىك خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ كالون ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى ياراتتى. 1993 ـ يىلى ئۇ يەنە تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 4 ـ كالونىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىلىش بىلەن «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى» نىڭ مەسئۇللىقىغا قويۇلدى. ئۇ بۇ يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ، شوپۇرلارنى ياخشى يېتەكلەپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۆزلۈكسىز تۆھپە ياراتتى. 1994 ـ يىلى نەتىجىنى يارىتىپ مۇھەممەتجان قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلىدى. ۋىلايەتلىك 7 ـ ترانسفورت شىركىتى، ماشىنا بەلگىلەش پونكىتىنىڭ مەسئۇللىقىغا بەلگىلىدى. ئۇ، بۇ خىزمەتنى 1997 ـ يىلغىچە ئەلا نەتىجە بىلەن ئورۇنداپ رەھبەرلىكنىڭ ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مۇھەممەتجان بىلىم ئىقتىدارىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 1999 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ترانسفورت مەكتىپىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش كەسپىدە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇدى. ئۇ شوپۇرلۇق قىلىش ۋە ھەرقايسى كالونلارنىڭ مەسئۇللىقىنى ئىشلەش جەريانىدا زور تۆھپە يارىتىپ، ۋىلايەتلىك 7 ـ ترانسفورت شىركەت رەھبەرلىكى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە تەرىپىدىن 10 قېتىمدىن ئارتۇق «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى. 7 ـ ترانسفورت شىركىتى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

مۇھەممەتجان نەتىجە قازانغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەرگە، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، مېيىپلارغا مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈشتەك گۈزەل ئىستىلىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە نامايەن قىلدى. ئىلىم سۆيەر



ئېلان قىلىنىپ بولغان شېئىرلار بىلەن يېڭى شېئىرلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىزگە ئەۋەتمەڭ.

بۇ كارخانىچى يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بويان
شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ،
7 ـ ترانسىفورت شىركىتى، رېمونت زا-
ۋۇتىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ،
ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە
ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز يېنىدىن
9000 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ياردەم قى-
لىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىپ گۈلزارىدا
ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

## خاتىمە

ئىلىم سۆيەر ياش كارخانىچى مۇ-
ھەممەتجاننىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق
ۋاقىتتا جاپالىق ئىزدىنىشى ئارقىلىق
قۇرۇلغان ئاپتوموبىل سېتىش ئورنى ،
كونا ماشىنا سودا ـ سېتىق مەركىزي ،
ئاپتوماتىك ماشىنا تەكشۈرۈش ئورنى ،
ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى بىر گەۋدە
قىلىنغان ، توققۇز مىليون مۇقىم مۇ-
لۈككە، ئۈچ مىليون ئايلانما مەبلەغكە
ئىگە «خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا
ماشىنا ئېلېكتر چەكلىك شىركىتى»
خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاتناش ترانسفورت
بازىرىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ يې-
ڭى مۆجىزە ياراتتى.

بۇ شىركەتتە هازىر ھەر مىللەتتىن
92 نەپەر خادىم ئىشقا ئورۇنلاشتى ، بۇ-
لارنىڭ 47 نەپىرى ئالىي ، ئوتتۇرا تېخ-
نىكومنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئىش ئورنىدىن
قالغانلار. ئۇ ئىشچىلارغا ھەر ئايدا 4200
يۈەندىن 900 يۈەنگىچە مائاش تارقىتىپ
كەلمەكتە. بۇ شىركەت ئۆتكەن يىلى
سودا ـ ئوبوروت سوممىسىنى 22 مىليون
يۈەنگە يەتكۈزۈپ 500 مىڭ يۈەن ساپ پايدا
ياراتتى. بۇ پايدىنىڭ 70 % تىگە «سانجى
ئوتتۇرا ئاسىيا گوروھى» ، 17.5 % تىگە
7 ـ ترانسىفورت شىركىتىدىكى 45 نەپەر
كىشى، 12.5 % تىگە مۇھەممەتجان
ئېرىشىپ ، «سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا گو-
روھى» ۋە 7 ـ ترانسىفورت شىركىتىدى-
كى 45 نەپەر كىشى پاي قوشقاننىڭ تە-
مىنى تۇنجى يىلى تېتىدى. بۇ شىركەت
ئۈچ يىلدا دۆلەتكە 750 مىڭ يۈەن پايدا ،
باج تاپشۇرۇپ خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

«خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا
ماشىنا ئېلېكتر چەكلىك شىركىتى»
ئەمدىلا ئىككى ياشقا قەدەم باستى. ئۇ
خوتەندە يېڭى مۆجىزە يارىتىپ بازار ئى-
گىلىكىنىڭ گۈزەل ئاسمىنىدا بۇلۇتلار-
نى يېرىپ پەرۋاز قىلماقتا. لېكىن مۇ-
ھەممەتجاننىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تۈگى-
مىدى. ئۇ يەنە ساۋاپلىق ، ئىستىقبالى
پارلاق ، باشقىلارغا ئەمەلىي پايدا ، نەپ
يەتكۈزىدىغان ئىككى ئارماننى ، يەنى—
كەسپى تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇپ، ئالىي
، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى ، تولۇقسىز ،
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ
خىزمەت كۈتىۋاتقان، ئىش ئورنىدىن
قالغانلارغا قاتناش ۋاسىتىلىرى ، ئائىلە
ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتچىلىقى ،
كومپيۇتېر ئىشلىتىش ، ئاشپەزچىلىك
قاتارلىق كەسپلەرنى ئۆگىتىپ، ئۇلارغا
چىقىش يولى تېپىۋېلىش ئىمكانىيىتى-
نى هازىرلاپ بېرىش، يەنە بىرى،
شەخسلەر ۋە ئىدارە ئورگانلارنىڭ سات-
ماقچى بولغان ، (بىراك قىلىنمىغان)
ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلى-
رىنى ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىشنى يولغا
قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇنىڭ بۇ
گۈزەل ئارمانلىرى، غايىلىرى، ئەمەلگە
ئېشىپ، چېچەكلەپ، شېرىن مېۋە بەر-
گۈسى...

(ئاپتور: قاراقاش ناهىيىلىك سو-
دا ـ سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارى-
سىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

www.uyghurkitap.com



# ئىككى : فېلىيەتون

## قەھرىمانىنى قانداق ياراتتۇق

1931 ـ يىلى قىشتا ، سىبىرىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان ئۆسمۈر پاۋلىك مولوزوف، كەنت سوۋىتىنىڭ ئىسپات ھۆججەتلىرىنى پەۋقۇلئاددە كۆچمەنلەرگە سېتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ئۆز دادىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ ، «باي دېھقان بوۋىسىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن، كېيىنكى يىلى كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنىدە ئورمانلىقتا قەستكە ئۇچرىغان...» بۇ ئەينى چاغدا ھۆكۈمەت تەرەپ بېكىتكەن پاكىت. بۇ ئىش ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر مەھەل زور دولقۇن قوزغىغان. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى پاۋلىكقا چەكسىز شەرەپلىك نام ئاتا قىلىشتىن سىرت، يەنە تېياتىر ، كىنو ، دېراما ، شېئىر، ناخشا، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق كۆپ خىل سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق، ئالەمنى زىل ـ زىلىگە سالغۇدەك تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان قەھرىمانغا ئايلاندۇرغانىدى.

پاۋلىك راستىنلا شۇنداق ئېسىل پەزىلەتلىك ئۆسمۈر قەھرىمانمۇ؟

بىرىنچىدىن ، كەنت سوۋېتىنىڭ رەئىسى بولغان دادىسىنىڭ باشقىلارغا ئىسپات ھۆججەتلىرىنى سېتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات يوق . ۋاھالەنكى ئەينى چاغدا پاۋلىكنىڭ ئائىلە ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يېگىلا ئاجرىشىپ كەتكەن، ئانىسى ئىنتايىن ئاچكۆز، ئىش ـ ھەرىكىتى قوۋ ئايال بولۇپ، تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دائىم ئوغلىنى ئۆز ئاتىسىدىن باھانە تېپىپ ، ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. بوۋىسى بىلەن مومىسى بۇ كېلىنىنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرەتتى، شۇ سەۋەبتىن نەۋرىسىنىمۇ ئانچە ياقتۇرمايتتى. پاۋلىك ئاتىسىدىن نارازى بولۇپلا قالماستىن، ئانىسى بىلەن بىرلىشىپ، بوۋا ـ مومىسىغا يامان كۆز بىلەن قارايتتى. شۇڭا پاۋلىكنىڭ دادىسىنى تېپىتىش ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىشىدا يامان غەرەز يوشۇرۇنغان. ئىككىنچىدىن، پاۋلىكنىڭ باي ـ دېھقان بوۋىسى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق ئىسپات يوق. ئەينى چاغدا سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشتىكى بىردىن ـ بىر ئاساسى— ئۇنىڭ ئانىسى تەمىنلىگەن ئىسپات بولۇپ، پاۋلىكنىڭ ئانىسى سوت مەھكىمىسىگە قېيناتىسىنىڭ ئۆيىدە «قانغا بويالغان كۆينەك ، بىر ئىشتان ۋە بىر پىچاقنى بايقىغان» لىقىنى ئېيتقان. بۇ ئىشتان، كۆينەك ۋە پىچاقلارنى كىمنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىسپات مەۋجۇت ئەمەس. ئۈچىنچىدىن ، كەنتتە پاۋلىكنى «ياخشى بالا» دەپ قارايدىغان ئادەم ئاساسەن يولۇقمىغان . ئۇنىڭ بىلەن بىر كەنتتە تۇرۇشلۇق تۇققىنى لازارې ئۇنى «پاۋلىك بىر لۈكچەك ئىدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە قۇرسىقىنى تويغۇزالمايتتى، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل يۈرەتتى. ھەممىلا يەردە

ئەسكىلىك قىلغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى» دېگەن. ساۋاقداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پۈتۈن مەكتەپتە ئەڭ مەينەت يۈرۈيدىغان ئوقۇغۇچى بولۇپلا قالماستىن، ھەمىشە قىلىقسىزلىق قىلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۇستىۋېشىغا تەرەت قىلىپ قويىدىكەن. مۇئەللىمىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆگىنىشتە ناچار بولۇپ، سۆزلىگەندە كېكەچلەپ تىل چاينايدىكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ھەمىشە ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئاياغ ئاستى قىلغان. ھەتتا كەنتتىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۇنىڭ قەبرىسىگە تەرەت قىلىپ قويغان.

پەرداز قىلىنغاندىن كېيىنكى پاۋلىك بولسا تامامەن باشقىچە بىر ئوبرازنى نامايەن قىلغان بولۇپ، كۈچلۈك بىلىم ئېلىش ئىستىكى ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەخرى، چوڭلار ۋە كىچىكلەر قەلبىدىكى مەركىزىي شەخس، مەنىۋىي داھى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئالىيجانابلىقنى ئىزدەيدىغان، كوللېكتىپ ئۈچۈن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئەلا بىلىدىغان ياخشى ئوغۇل، كەنت كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. سەھنىلەردە، ئېكرانلاردا، شېئىر ـ ناخشىلاردا، ئەدەبىي ئاخباراتلاردا ئۇنى ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئەخلاقنىڭ تەڭداشسىز نەمۇنىسى، پاراسەتنىڭ نامايەندىسى، ياخشىلىقنىڭ ئەلچىسى قىلىپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولغىنى كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان، پارلاق ـ سەلتەنەتلىك ئوبراز بولغان.

«قەھرىمان» پاۋلىكنىڭ ئائىلىسىگە ئېلىپ كەلگىنى بولسا بوۋىسى «قەھرىمانغا زىيانكەشلىك قىلغان باش جىنايەتچى» دېيىلىپ ئېتىۋېتىلگەن، بىر نەۋرە ئاكىسى «ئورمانلىققا بىللە بارغان ئەگەشكۈچى جىنايەتچى» قىلىنىپ ئېتىۋېتىلگەن. تاغىسى «سۇيىقەست پىلانىغا قاتناشقان» بولۇپ ئېتىۋېتىلگەن. مومىسى «ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغان، جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئالغان» جىنايەت بىلەن ئېتىۋېتىلگەن. دادىسى قولغا ئېلىنغان. تاغىسىنىڭ ئايالى ياقا يۇرتقا ياتلىق بولۇپ كەتكەن. «كىچىك قەھرىمان» نىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن.

قەھرىمان پاۋلىكنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەلگىنى بولسا ھەر قايسى جايلاردا بىر توپ چېقىمچىلار پەيدا بولۇپ، «ئارقىسىغا چۈشۈش» ۋە «ئۇششاق دوكلات بېرىش» تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرغان، ھەمدە «ئاشكارىلانغان بۇزۇقلارنى سېلىشتۇرۇش» نىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن، سانسىز ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانىسى، تاغا ـ ھەدىسى، بوۋا ـ مومىسى قاتارلىق «يوشۇرۇن سىياسىي دۈشمەنلەرنى قېزىپ چىقىرىش» قا سەۋەب بولغان. ... سانكورسكى رايونىدا پولونىيە كىرېبىن ئىسىملىك بىر ئۆسمۈر بولۇپ، ئۆز ئانىسىنى كولخوزنىڭ ئاشلىقىنى ئوغۇرلىغان دەپ ئەرز قىلىپ، ئانىسىنى كۈرەش قىلغاندا تولۇپ ـ تاشقان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە بۇ غەزىپىنى شېئىرغا ئايلاندۇرۇپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئانىسىنى باستۇرۇشقا ئۇچراتقان. ئۆزى بولسا «ستالىن زەربىدارى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. ئىنسانىي ئەخلاق، تۇققانچىلىق ھېسسىيات، دوستلۇق ۋە ۋىجدان پۈتۈنلەي دەپسەندە قىلىنىپ، ئۆچمەنلىك، گۇمانخورلۇق،



بازغۇچى تۇردى ئەخمەت، ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى پايى قەدىمىڭىز قۇتلۇق بولسۇن!

uyghurkitap.com



پايلاقچىلىق، چېقىمچىلىق، ساختىـ
پەزلىك ۋە يالغانچىلىقلار ئالىيجانابلىق
ۋە شەرەپ دەپ قارالغان.

— «نەيرەڭۋازلىقتىن خەۋىرى يوق ئا-
دەم، قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى
بىلمەيدىغان ئادەمدۇر» — دەيدۇ فرانسى-
يىلىك لۇيىس XI. بىر جەمئىيەت مۇبادا
نەيرەڭۋازلىقنى قوبۇل قىلالايدىغان
بولسا، ئۇنداقتا بۇ جەمئىيەتتە نەيرەڭ-
ۋازلىق، رەزىللىك، يىرگىنچلىك
ئېپلاسلىقلار يامراپ بالايى ـ ئاپەتكە ئاي-
لىنىدۇ.

## چۆپ ۋە مايسا

كەچقۇرۇن كوچا سەيلىسى قىلىۋې-
تىپ، يول بويىدىكى چىملىقنى پەرۋىش
قىلىۋاتقان ئىككى ئىشچىنىڭ پارىڭىنى
توساتتىن ئاڭلاپ قالدىم.

— بۇ شەھەردىكى چۆپلەر يېزى-
مىزدىكى مايسىدىنمۇ قىممەتكەن، —
دېدى بىرسى.

— شۇنى دېمەمسىز؟ — دېدى يەنە
بىرسى، — مۇشۇ ئۈچ مو كەلمەيدىغان
چۆپلۈككە ئىككەيلەن قاراۋاتىمىز، يې-
زىمىزدا بولساق ئىككىمىز 10 مو يەرگە
ئاللىقاچان يېتىشەتتۇق.

ئۇلارنىڭ پارىڭى خىيالىمنى چې-
گىپ قويدى. ئىشخانا بىناسى ئالدىدا ئا-
لاھىدە ئۈچ موغا يېقىن چۆپلۈك بو-
لۇپ، ئۆتكەن يىلى چىملىقنى بەرپا قى-
لىشقىلا 800 مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇل
كەتتى، كېيىن ئۇزاققىچە بىر «كۆتكۈ-
چى» پەرۋىش قىلىپ، ھاۋا ئوچۇق كۈن-
لىرى كۈنىگە بىر قېتىم سۇ پۈركۈپ،
ھەپتىدە بىر قېتىم ئوغۇتلاپ، بىر قې-
تىم دورا چېچىپ، تولۇقلاپ بېرىپ،
تاراپ تۇردى. ئاڭلىسام بۇ چۆپلۈكنىڭ
يىللىق ئاسراش خىراجىتىگە 60 مىڭ
سوم كېتىپتۇ. بۇ ھەر مو چىملىققا 20
مىڭ سوم خەجلىگەن دېگەن گەپكەن.

جەنۇبتا شال تېرىلسا، ھەر موسىغا
ئۇرۇق، ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى
قاتارلىقلارغا 500 سومدىن ئېشىپ كەت-
مەيدۇ. دېھقان خەقنىڭ ئەشۇ مايسىسى
شەھەردىكى چۆپنىڭ ئوندىن بىر نەچچە
ئۈلۈشىچىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن
بولالمايدۇ ـ يۇ، گۈرۈچتە دېھقانلار قور-
سىقىنى بېقىپلا قالماستىن، يەنە تۈر-
لۈك راسخوتلارنى تاپشۇرۇشى كېرەك.

شەھەردىكى چۆپلەر ئەلبەتتە بېكارغا
ئۆستۈرۈلگەن ئەمەس، ئۇ شەھەرنىڭ
مۇھىتىنى ياخشىلايدۇ، ناچار مۇھىتنى
تەڭشەپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ شەھەرلىكلەر-
نىڭ مەنىۋى ئىستېمالى ھېسابلىنىدۇ.
ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى يېشىللىقنىڭ
گۈزەللىك ئاتا قىلىشىغا مۇھتاج بول-
غاندا، كىشىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى
خېلىلا يۇقىرى كۆتىرىلىپ قالسا كې-
رەك. ئۆتمۈشتە، بوش يەر تېپىۋالساق
قوغۇن مايسىلىرىنى تىكىپ قوياتتۇق،
ئۇ جان ساقلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئېدى.
مايسا تىكىشتىن ئوت، چۆپ تېرىغۇچە
بولغان ئارىلىق پەقەتلا گۈزەللىككە يې-
تىشنىڭ مەنزىلى بولۇپ، بۇنى بەلكىم
بىر قېتىملىق ھالقىش ۋە ئېنىقلاپ دې-
يىشكە بولار. ۋاھالەنكى يا پېيىشىل
چىملىققا نەزەر تاشلاۋاتقان چېغىمدا،
يەنىلا دېھقاننىڭ مايسىسى خىيالىمدىن
كەتمىدى.

— شەھەر ئەتراپىدا نۇرغۇن ئۆ-
سۈملۈكلەر قۇرۇپ كېتىپتۇ، — دېدى
بىر خىزمەتدىشىم، شىمالدا بۇ يىل ئې-
غىر ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق بولغان
ئىدى، — قۇرغاقچىلىق ۋە ئىسسىق
شامال ئېتىزلارنى قۇرۇتىۋېتىپتۇ.

— «دەرىيادا چالا ـ توزان كېزەر، ئې-
تىزدا چۆپتىن يوق ئەسەر» دېگەندەك ئىش

بوپتۇ دەپ ئويلىدىم. بىراق شۇ مىنۇتلاردا، شەھەردىكى چىملىقلار ھەر كۈنى پۇركۈلگەن پاكىزە سۇدىن بەختلىك ھالدا بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى.

چۆپ بىلەن مايسىنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەقدىرىنى شەھەرلىكلەر بىلەن يېزىلىقلارنىڭ ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش شارائىتىنىڭ جانلىق تەسۋىرى دېسەك خاتا بولمىغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدىم. ئوت-چۆپلەر دېھقانلارغا نىسبەتەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان نەرسە، بىراق يېقىندىن بۇيان ئۇ شەھەرلىكلەرنىڭ ئىت-مۈشۈكىدەك ئەتىۋارلىق نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا، چىملىقلار مەيلى قانچىلىك گۈزەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئەگەر شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلالمايدىغان بولساق، شەھەردىكى چىملىقلار جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 70%نى ئىگىلەيدىغان يېزىلىقلارنىڭ نەزىرىدە گۈزەللىك پەيدا قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى بىرخىل ھېسسى جاراھەت پەيدا قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

«فىلىيەتونلاردىن تاللانمىلار» نىڭ 2001-يىللىق 9-سانىدىن داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى.

(تەرجىمان خوتەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە)

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

## شۋىتسارىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى قانداق قىلىپ خەلقچىل بولالىدى؟

يېقىندا مەن گېزىتتىن بىر پارچە ماقالە كۆرۈپ قالدىم. بۇ ماقالىدا بىزنىڭ جۇڭگولۇق بىر زىيالى شۋىتسارىيىنى زىيارەت قىلغاندا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى يازغان ئىكەن. ماقالىدا شۋىتسارىيىنىڭ سۇرس شىتاتىنىڭ شىتات باشلىقى چىركاۋغا نۇتۇق سۆزلىگىلى بارغاندا نە كاتىپ، نە باشقا ھېچكىمنى ئەگەشتۈرۈپ بارمىغانلىقىنى، مۇنبەردە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىگەندىمۇ ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىدىغان بىرەر ئادەمنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىنى، 10 مىنۇت ئەتراپىدا نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن، مۇنبەردىن چۈشۈپ ئامما ئارىسىغا بېرىپ كېتىۋاتقاچ ئەركىن-ئازادە پاراڭلاشقانلىقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى كۆنلىكىنى ئېچىپ مىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى يېزىپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھېلىقى جۇڭگولۇق زىيالى ھەيران بولغانلىقىدىن يەنە مۇنداق دەپ يېزىپتۇ «دەرىجىسىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق ئەشۇ شىتات باشلىقىنىڭ دەرىجىسى بىزنىڭ ئۆلكە باشلىقىنىڭ دەرىجىسىگە تەڭ كېلىدۇ، ئۇ دوكلات بەرسە، ھېچبولمىغاندا بىر كاتىپ، قوغدىغۇچى، شوپۇر دېگەنلەر بىرگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ھېچبولمىغاندىمۇ كۈنلۈكىنى باشقا بىرسى تۇتۇپ بەرسە بولاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە ئۇنداق قىلىپ كەتمەيدىكەن، تولا كىبىر-ھەشەم قىلىپمۇ كەتمەيدىكەن. دوكلات ئاڭلىغىلى كەلگەن كىشىلەرمۇ شىتات باشلىقىنى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئاغىنىسىدەك كۆرۈپ ئەركىن-ئازادە پاراڭلىشىپ كېتىدىكەن، دېمەك، ئۇلاردا پەرق دېگەن نەرسە يوق... ۋاھاكازالار. ئەمما بىزنىڭ جۇڭگودا بۇنداق ئەھۋاللار كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بىر ئىش.

بۇ ماقالىنى كۆرۈپ مەندىمۇ ھېلى-

قى زىيالى بىلەن ئوخشاش ھېسسىيات پەيدا بولدى. ئەمەلدارلارنىڭ خەلقچىللىشىشى ياۋروپادا پەقەت شىۋىتسارىيەدىلا بار ئىش ئەمەس، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭمۇ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى. ماتېرىياللاردا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، دانىيىدە نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ھەتتا ئۆيىدىمۇ خىزمەتكەر ئىشلەتمەيدىكەن، سەي ئاقلاش، تاماق ئېتىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى قىلىدىكەن. دۆلەت خىزمەتچىلىرى بولسا، مەيلى ئادەتتىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرى بولسۇن ياكى يۇقىرى قاتلام دۆلەت خىزمەتچىلىرى بولسۇن ھېچقايسىسى ئومۇمنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلەتمەيدىكەن، مەخسۇس ماشىنا دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدىكەن. دانىيىنىڭ پايتەختى كوپېنھاگىن بولسا ياۋروپا بويىچە داڭلىق ۋېلىسىپىت شەھىرى بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ھۆكۈمەتنىڭ مىنىستىرلىرىنىڭ ھەممىسى ۋېلىسىپىت مىنىپ ئىشقا بېرىپ ـ كېلىدىكەن.

شىۋىتسارىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ ئىنچىكىلىك بىلەن سۆزلەيدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە «ئەمەلدارلىق ئورنى» دېگەن ئېلېمېنتلار بولمىغاندىن سىرت، مۇھىم بولغىنى ئەمەلدارلار خەلق سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. خۇددى ھېلىقى جوڭگولۇق زىيالى ماقالىسىدا ئېيتقاندەك «ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى بىۋاسىتە خەلق سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، يۇقىرىدىن بەلگىلەپ بەرمەيدۇ، كىم يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشەلىسە شۇ سايلىنىدۇ. كىمنى سايلاش، كىمنى سايلىماسلىقنى تامامەن خەلقنىڭ ئىرادىسى بەلگىلەيدۇ. ئەمەلدارلار ئەمەلدار بولۇۋېلىپلا چوڭچىلىق قىلىدىغان بولسا شۇ زامان تەختتىن چۈشىدۇ. سايلىغۇچىلار شەكىل يۈزىدە ئەمەس ھەقىقىي ماھىيەت جەھەتتە ئەمەلدارلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمەلدارلارمۇ «قولىنى سۇنۇپ ئەمەل تىلەشكە» ئامالسىز قالىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭمۇ خەلققە مەسئۇل بولۇپ باشتىن ـ ئاخىر بىرخىل خەلقچىل روھى ھالەتتە بولۇشى بىرخىل تەبىئىي ئىش بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن شۇنى ئويلاپ قالدىمكى، كادىرلار مەسىلىسىدە خەلقنى ھەقىقىي بىر خوجايىنغا ئايلاندۇرالايدىغان تۈزۈلمىلا ئاندىن ئەمەلدارلارنىڭ خەلقتىن ئايرىلىشىنى چەكلەيدىغان ھەتتا چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئاچقۇچ بولالايدىكەن.

بىزگە مەلۇم، جامائەت ھوقۇقىنىڭ ياتلىشىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇخىل ھوقۇقنىڭ نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش ھوقۇقى كەمچىل بولىدۇ. شىۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقى خەلقتىن كېلىدۇ، بۇنداق «سايلىغۇچىلارنىڭ ھوقۇق بېرىشى»نىڭ ئۆزى ھوقۇققا قارىتا ناھايىتى ياخشى بىرخىل چەكلەش ۋە نازارەت قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. چۈنكى، سايلىغۇچىلارنىڭ ئەمەلدارغا جامائەت ھوقۇقى بېرىشى، ئەمەلدارلارنى ھوقۇققا تايىنىپ ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغۇزۇش؛ سايلىغۇچىلارنىڭ جامائەت ھوقۇقىنىڭ چەتكە قېقىلغانلىقىنى، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايقاپلا قالسا، ئۇلار بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلالايدۇ. بۇنداق تۈزۈلمە ئاستىدا قايسى بىر ئەمەلدار قولىدىكى ھوقۇقنىڭ ۋەزنىنى

دەڭسەپ كۆرمەيدۇ قايسى ئەمەلدار ھوقۇق ئىشلەتكەندە ئېھتىيات قىلمايدۇ؟ بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئەمەلدارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ يولى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھوقۇق قەيەردىن كەلسە، مۇقەررەركى ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىمۇ شۇ ياققا ئاغىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقى خەلقتىن كەلسە، ئېنىقكى ئۇ خەلقكە مەسئۇل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرخىل خەلقچىل ئەمەلدار بولغان بولىدۇ ئەمەل مەلۇم بىر ئادەمدىن ياكى مەلۇم بىر ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن كېلىدىكەن، ئۇ شۇ زامان شۇ كىشىگە سادىق بولىدۇ، ھەتتا شۇ بىر كىشىنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز دائىم كىشىلەرنىڭ «ئەمەل سېتىش، ئەمەل سېتىۋېلىش» دېگەن سەت سۆزلىرىنى ئاڭلايمىز. بۇ خىل تەنقىدنىڭ باشلىنىشى ياخشى بولغان، ئەمما بۇنداق «ھوقۇق سېتىش ـ سېتىۋېلىش» ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبىگە بولغان تەھلىل يېتەرلىك بولماي كەلدى. ئەمەلىيەتتە ئەمەل سودىسى ھادىسىلىرىنىڭ توختىماي يامراپ كېتىشى ئادەمنىڭ ئىقتىدارى بىلەن خاسلىقىنىڭ تارىلىش يولىنىڭ دۇرۇس بولمىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى، تۈزۈلمىنىڭ مۇكەممەلسىزلىكى ئېلىپ كەلگەن ھوقۇقنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئويلاپ باقمىغان بولساق، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ھەتتا خاسلىقىنى نامايەن قىلىدىغان ياخشى بىرخىل يولى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇنداق نامايەن قىلىش ئەقەللىي ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلىسە، ۋىجداننىڭ ئەيىبلەشلىرى ئالدىدا ئۇ يەنە قولىنى سوزۇپ ئەمەل تىلەمدۇ؟

«فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن تەرجىمىسى
(تەرجىمان گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن ئابدۇلھەكىم ئوسمان ھەقيار)
تەھرىرى: ھەتىسىلىم ھەتقاسىم

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار

## يۇرتنى سېغىنىش لىرىكىسى

### سىمىرا قىزى

قەدىمكى ئۇيغۇر خانى سىمىرا (شانىدا) نىڭ تولىمۇ گۈزەل ۋە ئەرزۇلۇق بىر قىزى بولۇپ، ئېنى چاغ دىپلوماتىيىسى ھەم خانلىقىنىڭ بەختەرلىكى، گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بۇگۇنكى گەنسۇ تەۋەسىدە قۇرۇلغان شاجۇ خانلىقىنىڭ خانىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىنغان. سىمىرا قىزى ئوردىدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن. ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنى بىلگەن. ئۇ يات يۇرتقا بارغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى ناھىيىتى سېغىنغان. زارىقىپ تەلپۈنۈش، چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، قويۇق مۇھەببەتكە تولغان لىرىكىسىنى دادىسىغا يوللىغان. سىمىرا قىزىنىڭ لىرىكىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بىلەن يېزىلغان. يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس، تەخمىنەن 7 ـ 8 ـ ئەسىرلەر بولسا كېرەك. خەت قەدىمكى ئۇيغۇرلۇقلار ئارىسىدا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئېلىپ كېتىلگەن. ھازىر پارىژدىكى بىر مۇزېيدا 2027 ـ نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. شېئىرنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نەسرى نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ شېئىرنى شەكلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

گۈللەر ئۆسەر توختىماي،
سۆيگۈ بەرق ئۇرغاندا.
ئەتىر گۈلگە مۇھتاجمەن،
خۇشپۇراق چېچىلغاندا.

بولسا ئىدى ئەتتىرگۈل،
ماڭا تەن بوپ قولۇمدا.
بولماس يەنە تەڭدىشى،
سېنى ئىسكە ئالغاندا.

## كەلدى كۆكلەم

قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىستلىرى، ئۆلۈما زىيالىيلىرى كۆپرەك ۋاقتىنى تەرجىمە ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىي ئەسەرلەر ئۇچۇنمۇ زېھنىنى سەرپ قىلماي قالمىغان، ساقلىنىپ قالغان ئاز ساندىكى ۋەسىقىلەردىن دىندىن خالىي يەرلىك ئەدەبىياتنىڭ ئىزلىرىنى بايقاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. تۆۋەندە تەخمىنەن 5 ـ 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قەدىمكى ئۇدۇن تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان نامەلۇم ئۇدۇن شائىرىنىڭ كۆكلەم ـ باھارنىڭ كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن بىر پارچە لىرىكىسىنى تونۇشتۇرىمىز. بۇ شېئىر غەربىي ياۋروپا شائىرلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. ھازىرقى تىلىمىزغا نەسرى شەكىلدە تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، شۇ نۇسخىدىن يەنە شېئىرىي شەكىلگە كەلتۈرۈلدى:

ئىللىپ جاھان چىرايلىق،
كەلدى كۆكلەمۇ باھار.

تولۇپ تاشتى چېچەككە،
پۈتۈن ئەتراپ گىياھلار.

ئۆسۈپ تۇرغان يۆگىمەچ،
سابا بىلەن يەلپۈنەر.
يېشىل ئورمان قۇچاقتا،
ئىللىق شامال تەلپۈنەر.

كۆل يۈزىدە نىلۇپەر،
ئۇچقۇپ تۇرغان بۇلاقلار.
مەخمەل كەبى تۆپىلۈك،
كىمخاپ كەبى تاۋلىنار.

كۆي نەغمىسى يېقىملىق،
ئېرلاپ تۇرغان شوخ قۇشلار.
چاچرىغاندا بۇژغۇنلار،
يېشىل قىرغاق يۇيۇلار.
تۇتۇلغاندا قۇياشمۇ،
ئىسسىپ كەتتى قۇش ـ جانۋار.

(تەييارلىغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان)
ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا
تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم


新玉文艺　NEW JADE LITERATURE　يېڭى قاشتېشى

2004 ـ يىل 4 ـ سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 16 /1، 1092 × 787 م م، 6 تاۋاق
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: BM6670
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1088/ I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 — 929X
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58
پوچتا نومۇرى: 848000

2004 年　第 4 期　(文学双月刊)
编　辑:《新玉文艺》杂志编辑部
出版单位:和田地区文联
印　刷:乌鲁木齐隆益达印务有限公司
发　行:和田地区邮政局
订　阅:全国各地邮政局
开　本:1/ 16 , 787× 1092 , 6 印张
国外发行号:BM6670
国外发行点:中国国际书商总公司
国内统一刊号:CN65－ 1088/ 1
国际标准刊号:ISSN 1002－ 929X
邮政代号: 58－ -26
邮政编码: 84800

تېلېفون 2023792　باھاسى: 3.00 يۈەن.
电话: 2023792　定价: 3.00 元

پۇرسەتنى تۇتۇپ، مەبلەغ كىرگۈزۈش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، دادىل ئالغا بېسىۋاتقان

# خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ماشىنا ئېلېكتر چەكلىك شىركىتى




شىركەتنىڭ يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى تىجارەت زالى



شىركەت قارمىقىدىكى شاڭخەي ھەمباب ماشىنىلىرى رې-
مونت زاۋۇتى



يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا ئا-
سىيا ماشىنا ئېلېكتر چەكلىك شىركىتىنىڭ كونا ماشىنا با-
زىرىدىكى خېرىدار كۈتۈۋاتقان ماشىنىلار



شىركەت قارمىقىدىكى چوڭ تىپلىق ماشىنىلارنى رېمونت
قىلىش زاۋۇتى



كونا ماشىنا بازىرىدىكى خېرىدار كۈتۈۋاتقان ماشىنىلار



شىركەت قارمىقىدىكى ھەر خىل تىپلىق ماشىنىلارنى
ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش پونكىتى

www.uyghurkitap.com

پۇرسەتنى تۇتۇپ ، مەبلەغ كىرگۈزۈش يوللىرىنى كېڭەيتىپ ، دادىل ئالغا بېسىۋاتقان

# خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ماشىنا ئىلكتىر چەكلىك شىركىتى



ئوجۇر ئىگىلەۋاتقان شىركەت دىرىكتورى مۇھەممەتجان ئاۋۇت



ۋىلايەت رەھبەرلىرى شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا



شىركەت كىرگۈزگەن «شالى» ماركىلىق ماشىنىلار




شىركەت كىرگۈزگەن «سانتانا» ماركىلىق ماشىنىلار



شىركەت كىرگۈزگەن «سوڭ خۋا جياڭ» ماركىلىق كىچىك تىپتىكى مىنىبۇسلار



شىركەت كىرگۈزگەن ئالىي تىپلىق ماشىنىلار

(مۇقاۋا 3 ـ ، 4 ـ بەتتىكى سۈرەتلەرنى تۇرسۇنجان مۇھەممەت تارتقان)